ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

# ئارغىماق ماجىراسى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




ISBN 978-7-228-10830-5
9 787228 108305 >
定价:4.50元

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

# ئارغىماق ماجىراسى

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۈرۈمچى 2007 -يىلى

图书在版编目(CIP)数据

挣马：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. - 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.1
（维吾尔民间故事）
ISBN 978-7-228-10830-5

Ⅰ.挣... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族 - 民间故事 - 作品集-中国 - 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第006077号

策　　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布列孜.阿巴斯
封面设计：买买提.努比提

**挣马**（维吾尔文）
**（维吾尔民间故事）**
《维吾尔民间文学大典》编委会编

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号 邮编： 830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米 32开本 2.5印张
2007年1月第1版　2007年1月第1次印刷
印数：1-5000

---

ISBN 978-7-228-10830-5　　定价：4.50元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋا لايىھىلىگۇچى: مەمەت نەۋبەت

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى
## ئارغىماق ماجىراسى

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 2.5
2007 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
2007 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 5000 — 1
ISBN 978-7-228-10830-5
باھاسى: 4.50 يۈەن





# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر 55 كىتابچە نەشردىن چىقتى

| | | |
|---|---|---|
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى | چىن تۆمۈر باتۇر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى | ئىسكەندەر بىلەن هۆرلىقا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى | ئالتۇن كوكۇللىق بالا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى | كەنجى باتۇر | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى | كىيىك خانىش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى | مەرۋان بىلەن تەرسا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى | ياغاچ ئات | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى | ئۇر، توقماق | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى | چۆچۈره بالا | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى | سىرلىق چىراغ | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى | شاهزاده بىلەن ئالۋاستى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى | نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى | ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى | باتۇر قىز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى | شەيتانىنىڭ تىجارىتى | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى | بىلمەس تاز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى | تەلۋە كۇيئوغۇل | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى | كەمەك هەيبار بىلەن مۇختەر هەيبار | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى | شەيتاننى ئالدىغان تاز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى | ئادەمىي شەيتان | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى | خىزىر نىياز | (4.50 يۈەن) |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى | سېھىرلىك ئالما | (4.50 يۈەن) |

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى ئۇسكەك پادشاھ (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى قاينا، چۆگۈن (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى ئەقللق كەنجى قز (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى ھەركم قلسا ئۆزىگە (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى يالتايغاق بوۋاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى ئۇجمە سايسى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى ئەپچلەم (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى ئارغماق ماجىراسى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى ئكككى باينى ئەپلگەن مالاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى ئۆرگىلۋاي بلەن چۆرگىلۋاي (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى يەتتە لڭگىلتاق بلەن بر شڭگىلتاق (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى شېتلە بلەن پېتلە (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى مازاقخور مازاقتا ئۆلەر (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى پادشاھنڭ كۆڭلنى ئۇزارتشى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى ئېشەكنى ئۇرۇپ خوتۇننى قورقۇتۇش (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى موللام ئوغرىنى قانداق تاپتى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى قازان تۇۋى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلرى شاھ بلەن شاتۇتى (4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق لەتىپلرى — 1، 2، 3، 4، 5 ـ (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلرى (ھېسام چاقچاقلرى) — 1، 2 ـ (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق مەسەللرى — 1، 2 ـ (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلرى — 1، 2، 3 ـ (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق تېپشماقلرى — 1، 2 ـ (ھەر بىرى 3.50 يۈەن)

ئۇيغۇر خەلق لاپلرى (3.50 يۈەن)

( بۇ بر يۈرۈش 55 كىتابنڭ ئومۇمي باھاسى 244.50 يۈەن )



پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# مۇندەرىجە


چېچەن كېلىن ........................... 1
ئۈچ ئالتۇن قونچاق ........................ 6
باي بىلەن مەسۇم تاز ........................ 9
دانىشمەن ئانا ............................ 16
ئىككى ئوغرى............................. 26
ئەقىللىق دېھقان .......................... 35
كۆڭۈلدىكىدەك كېلىن ...................... 38
تەدبىرلىك باغۋەن ........................ 41
ياغاچچى بىلەن بوياقچى ................... 45
ئورنىنى كىم كولىسا ئۆزى چۈشەر ............ 52
ئارغىماق ماجىراسى ........................ 64




# چېچەن كېلىن

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن، ئۆتكەن زاماندا ئاۋۇت مەرگەن دېگەن بىر ئوۋچى بار ئىكەن، ئۇ ئوۋچىلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ يالغۇز ئوغلىنى ئۆيلىمەكچى بولۇپ، قىز سۈرۈشتە قىپتۇ، لېكىن يۇرتىدىن كۆڭۈلدىكىدەك قىز تاپالماپتۇ. بىر كۈنى خوتۇنى بىلەن كېلىشىپ، باشقا جايدىن كېلىن ئىزدەپ تېپىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىققانىكەن، ھاۋا گۈلدۈرلەپ قاتتىق يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ. ئاۋۇت مەرگەن كىيىمىنىڭ ھۆل بولۇپ كېتىشىدىن قورقۇپ، پاناھ جاي ئىزدەپ ماڭغانىكەن، ئالدىغا بىر توپ دەرەخ ئۇچراپتۇ. ئۇ دەرەخ تۈۋىگە بېرىپ قارىسا، يېقىن جايدا كالا بېقىۋاتقان قىزلار ئىچىدىن بىر قىز تەمەچلىرىنى قولتۇقلاپ، كالىسىنى دەرەخ تۈۋىگە ھەيدەپ كەپتۇ، قالغانلىرى بولسا، كالىلىرىنى ئالدىغا سېلىپ، تەمەچلىرىنى يۇدۇپ مەھەللە تەرەپكە كېتىپتۇ. بۇ ئىشنى كۆرگەن ئاۋۇت مەرگەن قىزنىڭ ئايرىلىپ قالغانلىقىغا

ھەيران بولۇپ:

— قىزىم، ئاداشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى كەتتى، سىز نېمە ئۈچۈن ئايرىلىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز ئالدىرىماي، كالىسى بىلەن تەمەچلىرىنى دالدىغا ئاپىرىپ قويۇپ، ئاندىن:

— ئۇلار ئۆيلىرىگە كېتىشىپ ئۈچ ئىشتىن زىيان تارتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئاۋۇت مەرگەن قىزنىڭ سۆزىدىن ئەجەبلىنىپ:

— ئۇلار قانداق زىيانلارنى تارتتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىرىنچى زىيان، — دەپتۇ قىز، — ئۇلارنىڭ كالىلىرى تېخى تويمىغان، ئۆيگە ئاپارغاندىن كېيىن يامغۇر توختىسا، يەنە قايتۇرۇپ ئەكېلىدۇ. كالىنى بۇ يەرگە ھەيدەپ كېلىپ، بىر دەمدىن كېيىن ئۆيگە ھەيدەپ ئاپىرىپ، ئاخىر تويغۇزالمايدۇ. ئىككىنچى زىيان، ئۆيگە بارغۇچە تەرگەن تەمەچلىرى ھۆل بولىدۇ. ئۈچىنچى زىيان، ئۇلار ئۆيگە بارغۇچە كىيىملىرىنى ھۆل قىلىۋالىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاۋۇت مەرگەن قىزنىڭ ئەقلىگە قايىل بوپتۇ. مۇشۇ قىز ماڭا كېلىنلىككە يارايدىكەن، دېگەن خىيال بىلەن:

— قىزىم، مەن سىلەرگە مېھمان بولۇپ بارسام، نېمە سويىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تاپالىساق بىر، تاپالمىساق ئىككى قوي سويىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىز. بۇ گەپنى ئاڭلىغان مەرگەن بۇ

سۆزنىڭ مەنىسىنى سوراشتىن ئىزا تارتىپ، قىزنىڭ ئۆ-يىگە بېرىپتۇ. قىزنىڭ ئاتىسى مېھمانغا سويۇشقا ئەركەك قوي ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ، ئاخىر ئۆزىنىڭ بوغاز قويىدىن بىرنى سويۇپتۇ. قوينىڭ قورسىقىدىن چىققان پاقلاننى كۆرگەن ئاۋۇت مەرگەن قىزنىڭ: «تاپالىساق بىر، تاپالمىساق ئىككى قوي سويىمىز» دېگەن سۆزىنىڭ مەنە-سىنى چۈشىنىپ، قىزنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپتۇ.

ئاخشىمى تاماق ۋاقتىدا ئاۋۇت مەرگەن قىزغا قاراپ بۇرۇتىنى سىلاپتۇ. بۇ ئۇنىڭ: «مېنىڭ بويىغا يەتكەن بىر ئوغلۇم بار، لايىق كۆرەمسىز» دېگىنى ئىكەن. قىز كوكۇ-لىسىنى سىلاپتۇ. بۇ، قىزنىڭ لايىقنى «ماقۇل» كۆرگىنى ئىكەن. «تويلۇقىڭىزنى ئېيتسىڭىز» دېگەن مەنە بىلەن مەرگەن قېشىنى سىلاپتىكەن، قىز چېچىنى سىلاپتۇ. شۇ-نىڭ بىلەن مەرگەن قىزنىڭ چېچىغا لايىق گايەك① ئېلىپ كېلىپ توينى قىپتۇ. قىز بىلەن ئوغۇل ئىككىسى ئوبدان چىقىشىپ قاپتۇ.

شۇ كۈنلەردە شەھەرنىڭ پادىشاھىمۇ، مەرگەنمۇ ئوخ-شاشلا ئوۋغا چىققانىكەن، پادىشاھنىڭ ئالدىدىن قاچقان كېيىكنى ئاۋۇت مەرگەن ئېتىۋاپتۇ. كېيىكنى قوغلاپ كەلگەن پادىشاھ بۇ ھالنى كۆرۈپ تېرىكىپ:

— سەن مېنىڭ ئولجامنى ئېتىۋالغان گۇناھىڭ ئۈچۈن مۇشۇ ئالدىمدىكى تاشتىن ھەپتە ئىچىدە ئۆتۈك تىكىپ

---

① گايەك — چاشتەڭگە.



كۆڭلۇمنى ئالسەن، ئەگەر بۇيرۇقۇمنى ئورۇندىيالمىساڭ، سېنى كېيىكتەك قانغا مىلەيمەن ! — دەپ قايتىپ كېتىپتۇ. مەرگەن بىرھازاغىچە شاھنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ، كېيىك بىلەن تاشنى كۆتۈرۈپ خاپا ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. قېيناتىسىنى خاپا كۆرگەن كېلىن قېيناتىسىدىن ھال سوراپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، قېيناتىسىغا:

— تاشنى ئۆستەڭگە تاشلىۋېتىپ خاتىرجەم ئىشلىرىنى قىلىۋەرسىلە، پادىشاھقا ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن، — دەپتۇ. كېلىنىنىڭ چېچەنلىكىگە ئىشەنگەن مەرگەن خاتىرجەم بولۇپ يەنە ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپتۇ. بۇ نۆۋەت ئوۋغا چىققان پادى-

شاھ ئاۋۇت مەرگەننىڭ يېزىسىغا كېلىپ ئۆتۈكنى سۇرۇش-
تۇرمەكچى بوپتۇ. پادىشاھنىڭ يېزىغا قاراپ كېلىۋاتقىنىنى
كۆرگەن ئۇششاق باللار بۇ خەۋەرنى ئاۋۇت مەرگەننىڭ ئۆ-
يىگە يەتكۈزۈپتۇ. چېچەن كېلىن بېشىغا ياغلىقنى تېڭىپ،
ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، ئۆستەڭ بويىدىن قۇم ئېلىپ تەڭ-
نىگە سېلىپ يۇغۇرۇشقا باشلاپتۇ.

پادىشاھ ئاۋۇت مەرگەننىڭ ئۆيىنى سوراپ كېلىپ قا-
رىسا، ئىشىك تۈۋىدە بىر چوكان تەڭنىدە قۇم يۇغۇرۇۋات-
قۇدەك.

— ھاي قىزىم، — دەپتۇ پادىشاھ، — بۇ قۇمنى يۇ-
غۇرۇپ نېمە قىلىسىز؟

— ئۆزلىرى دادامغا بۇيرۇغان ئۆتۈككە ئاپقۇت قىلى-
مەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چوكان. بۇ سۆزگە ھەيران
قالغان پادىشاھ:

— قۇممۇ ئاپقۇت بولامدىكەن؟ — دەپ سورىغانىكەن،
قىز:

— تاشمۇ ئۆتۈك بولامدىكەن؟ — دەپ جاۋاب بېرىپ-
تۇ. ئۆزىنىڭ گەپتە يېڭىلگەنلىكىنى بىلگەن پادىشاھ
لام - جىم دېيەلمەستىن كەينىگە يېنىپ، كەلگەن جايىغا
قايتىپتۇ.

# ئۈچ ئالتۇن قونچاق

بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇ قول ئاستىدىكى بەگلەرنىڭ ئەقلىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ، تۈرى، رەڭگى، چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش ئۈچ ئالتۇن قونچاق ياسىتىپتۇ، ئاندىن ئۇ قونچاقلارنى بىر بەگكە ئەۋەتىپ: «بۇ ئۈچ قونچاقنىڭ باھاسى ئۈچ خىل، بىرىنچىسى ئەرزان، ئىككىنچىسى قىممەترەك، ئۈچىنچىسى قىممەت. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە ئىكەنلىكىنى تاپسۇن» دەپتۇ.

بەگ ھېلىقى قونچاقلارنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئۇيان ئۆرۈپ قاراپتۇ، بۇيان ئۆرۈپ قاراپتۇ، لېكىن نېمىشقا باھاسىدا پەرق بارلىقىغا ئەقلى يەتمەپتۇ. بەگنىڭ بېشى قېتىپ، قول ئاستىدىكىلەرنى چاقىرتىپتۇ ۋە: «قونچاقلارنىڭ قانداق پەرقى بارلىقىنى تېپىڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىپتۇ، لېكىن ئۇلارمۇ بىرنېمە دېيەلمەپتۇ. بۇ خەۋەر ھەممە تەرەپكە تارقاپتۇ. ئەرزىمەس ئەيىب بىلەن زىندانغا تاشلانغان بىر كەمبەغەل يىگىت قونچاقلار توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ

قاپتۇ ـ دە، بەگكە:

ــ رۇخسەت بولسا قونچاقلارنىڭ پەرقىنى مەن تېپىپ باقسام، ئەگەر تاپالىسام، بۇنىڭ بەدىلىگە مېنى زىنداندىن ئازاد قىلغان بولسىلا ... ــ دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. بەگ، مەن تېگىگە يېتەلمىگەن ئىشنى ئۇ قانداق بىلەلىسۇن، دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئامالنىڭ يوقلۇقىدىن قونچاقلارنى يىگىتنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ. يىگىت دىققەت بىلەن قاراپ چىقىپ، قونچاقلارنىڭ قۇلاقلىرى تۆشۈك ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ. ئۇ بىر يىپ تېپىپ قونچاقلارنىڭ بىرىنىڭ قۇلىقىدىن ئۆتكۈزگەنىكەن، يىپنىڭ ئۇچى ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىپتۇ، يىپنى ئىككىنچى قونچاقنىڭ قۇلىقىدىن ئۆتكۈزگەنىكەن، يەنە بىر قۇلىقىدىن چىقىپتۇ، ئۈچىنچى قونچاقنىڭ قۇلىقىدىن ئۆتكۈزگەنىكەن، يىپنىڭ ئۇچى قونچاقنىڭ ھېچقانداق يېرىدىن چىقماپتۇ. شۇ چاغدا يىگىت مۇنداق دەپتۇ:

ــ ئى بەگ، بۇ قونچاقلار ئادەمگە ئوخشايدىكەن. بىرىنچى قونچاق بىرەر سۆز ئاڭلىسا، ئۇنى ئىككىنچى كىشىگە يەتكۈزۈپ قويىدىغان كىشىگە ئوخشايدۇ، ئۇنداق ئادەملەرگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، شۇڭا بۇنىڭ باھاسى ئەرزان. ئىككىنچى قونچاق قىلغان سۆز بۇ قۇلىقىدىن كىرىپ ئۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كېتىدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ، مۇنداق ئادەملەر بىپەرۋا كېلىدۇ، باشقىلارنىڭ سۆزىنى چۈشەنمەيدۇ، قىلغان نەسىھەتنى ئاڭلىمايدۇ. ئۈچىنچى

قونچاق ھەرقانداق سۆزنى، ھەرقانداق سىرنى ئىچىدە ساقلىيالايدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئىشەنچنى ئاقلىيالايدىغان، ئەقىللىق، تۇتاملىق كېلىدۇ، ئۇنىڭ باھاسىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇدۇر.

يىگىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، باشقىلار ھەيران قېلىدىشىپتۇ. بەگ خۇشال بوپتۇ، شۇ ھامان ئۇنى زىنداندىن ئازاد قىلىۋېتىپتۇ - دە، ھەربىر قونچاققا ئۆز باھاسىنى يازدۇرۇپ پادىشاھقا قايتۇرۇپتۇ.

# باي بىلەن مەسۇم تاز

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، يا بېشى يوق، يا ئايىغى يوق بىر دەريانىڭ بويىدا چوڭ بىر يېزا بولغانىكەن. ئۇ يېزىدا ناھايىتى بېخىل ۋە ناھايىتى زالىم بىر باي ياشايدىكەن. ئۇنىڭ بىر خوتۇنى، بويىغا يەتكەن بىر قىزى ۋە ئىككى - ئۈچ ياشلاردا بىر ئوغلى بار ئىكەن.

ئۇ باي ھەر يىلى چاكار ئىشلىتىدىكەن، لېكىن ئۇ- نىڭغا ھەق تۆلەشتىن قېچىپ، يىل توشاي دېگەندە كېچىد- سى ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئاستاغىنا ئورنىدىن تۇرىدى- كەن - دە، ئۇخلاۋاتقان چاكارنى كۆتۈرۈپ دەرياغا تاشلاپ ئاققۇزۇۋېتىدىكەن. باينىڭ بۇ ئىشىنى ھېچكىم بىلمەيدى- كەن. بەزى كىشىلەر باينىڭ چاكىرىنىڭ تۇيۇقسىزلا يوقى- لىپ كېتىشىگە ھەيران بولۇشسىمۇ، ئۇنىڭ تېگىگە يېتەل- مەيدىكەن. پەقەت بىر كەمبەغەل كىشىنىڭ مەسۇم دېگەن بىر تاز بالىسى باينىڭ ئىشىدىن خەۋەردار بولۇپ قاپتۇ ۋە ئۆز كۆڭلىدە، شۇ دەرياغا غەرق قىلىنغان گۇناھسىز كەم- بەغەللەرنىڭ ئەنتىنى سەن بايدىن بىر ئالمىسام، توختا،

دەپ ئويلاپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى باي يەنە چاكار ئىزدىگەن ۋاقىت-تا، ھېلىقى مەسۇم تاز كېلىپ چاكار بوپتۇ. ئۇ چاكار بو-لۇپ ھەپتە، ئايلار ئۆتۈپ، يىل توشۇشقا يېقىنلىشىپ قال-غاندا، باينىڭ ھېلىقى ئۈچ ياشلىق بالىسى ئۆلۈپ قاپتۇ. باي چاكىرىنى چاقىرىپ:

— ھەي مەسۇم، سەن بېرىپ ئەنە ئاۋۇ كۆرۈنگەن قىرنىڭ قاپتىلىدىن گۆر كولىغىن، گۆرنىڭ چوڭقۇرلۇقى قولىقىڭ بىلەن باراۋەر بولسۇن، — دەپ ئەۋەتىپتۇ.

مەسۇم كەتمەننى كۆتۈرۈپ باي كۆرسەتكەن قىرغا بې-رىپتۇ ۋە ياخشىراق بىر جاينى تاللىۋاپتۇ - دە، كەتمەن بىلەن بىرلا چېپىپ قولىقىنى قويۇپ ئۆلچەپ كۆرگەند-كەن، بىر قولاق بويىقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئون قولاق باراۋ-رىدە چوڭقۇرمىش. ئۇ، بولدىلا، باينىڭ دېگىنىدىنمۇ چوڭ-قۇر بولۇپ كېتىپتۇ، ئەمدى ئارتۇقچە ئاۋارە بولماستىن دەم ئېلىپ ياتساممۇ بولىدىكەن دەپ، بىر دەرەخنىڭ كۆ-لەڭگىسىدە سوزۇلۇپ يېتىپتۇ.

مەسچىت قوۋمى باينىڭ بالىسىنىڭ نامىزىنى چۈشۈر-گەندىن كېيىن، ئۇنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن بايىقى قىرنىڭ قاپتىلىدا كولاشقا بۇيرۇلغان گۆرگە ئېلىپ بېرىشىپتۇ، قارىسا، گۆر تەييار ئەمەس، مەسۇم بولسا دەرەخنىڭ كۆ-لەڭگىسىدە ياتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن باينىڭ ناھايىتىمۇ ئاچچىقى كېلىپ:

— ھەي پاخشەكتاز، ئەتىگەندىن بېرى نېمە قىلدىڭ؟ قېنى كولىغان گۆرۈڭ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ ۋە ئۇنىڭ كاچىتىغا بىر - ئىككىنى ساپتۇ.

— جېنىم باي دادا، قولىقىڭ بىلەن باراۋەر كولىغىن، دەپ ئۆزلىرى ئېيتتىلىغۇ، ئەنە قارىسىلا، بىر قولاق بوياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئون قولاق باراۋىرىدە كولاپ قويدۇم، — دەپ ھېلىقى كەتمەننىڭ ئىزىنى كۆرسىتىپتۇ مەسۇم. باينىڭ ھەرقانچە ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ھازا ئۇستىدە ئۆزىنى بېسىپ:

— بار، يوگۇر، ئۆيدىكى بارلىق كەتمەن - گورجەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ كەلگىن. كۆپچىلىك، ئولاش - چولاش، چاپسانراق كولىۋېتىڭلار ! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

مەسۇم ئۆيگە بېرىپتۇ - دە، باينىڭ خوتۇنىغا:

— ئاغىچا خېنىم، باي دادام مۆھۈرنى بەرگەي دەيدۇ، — دەپتۇ. باينىڭ خوتۇنى مەسۇمنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەستىن:

— ھەي پاخشەكتاز، باي داداڭغا گۆر ئۇستىدە مۆھۈر نېمىگە كېرەك بولۇپ قاپتۇ؟ سەن يالغان ئېيتىۋاتىسەن، — دەپ بەرمەپتۇ.

— نېمىگە كېرەك بولۇپ قالغىنىنى بىلمەيمەن، لېكىن سورىغىنى خۇدا ھەققى راست، ئەگەر ئىشەنمىسىلە، يۇرسىلە، ئۆگزىگە چىقىپ سورايلى، ئەنە ئاۋۇ يەردىلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، — دەپتۇ مەسۇم.

شۇنىڭ بىلەن باينىڭ خوتۇنى بىلەن مەسۇم ئىككىسى





ئۆگزىگە چىقىپتۇ. مەسۇم قىزدىكى بايغا قاراپ:

— ها ... ي باي دادا ! ئاغىچام بەرمەيۋاتىدۇ، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان باي كەتمەن - گۈرجەكلەرنى بەر- مەيۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ - دە، خوتۇنىغا ئاچچىقى كېلىپ:

— ها ... ي ئەخمەق خوتۇن، ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەستىن

چاپسانراق بىرنۆەتسەڭچۇ ! ــ دەپ ۋارقىراپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن باينىڭ خوتۇنى ساندۇقتىن مۆھۈرنى ئېلىپ بېرىپتۇ. مەسۇم مۆھۈرنى ئېلىپ، كەتمەن - گۈرجەكلەرنىمۇ يىغىشتۇرۇپ قىرغا كەپتۇ. ئۇلار ئولاش - چولاش بىردەمنىڭ ئىچىدە گۆرنى كولاپ، بالىنى دەپنە قىلىشىپتۇ، مۆھۈردىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى بولماپتۇ.

ئاخشىمى باي بىلەن خوتۇنى مەسلىھەتلىشىپ:

ــ بۇ تازنىڭ ئىشلەپ يۈرگىنىگە بىر يىل توشۇپ قالدى، بۈگۈن - ئەتە ھەق تەلەپ قىلغۇچە بۇنىمۇ ئۇجۇقتۇرىۋېتەيلى. تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەندە چىقىپ مېنى ئويغات، بولمىسا، قاتتىق ئۇخلاپ قېلىشىم مۇمكىن، چۈنكى بۈگۈن بەك چارچاپ كەتتىم، ــ دەپتۇ باي. ئۇ باي يازلىقى باغدا گۈللەرنىڭ ئارىسىغا قويۇلغان بۇگلۇكتە ياتىدىكەن، مەسۇم تاز بولسا، ئۇنى قورقمىسۇن دەپ نېرىراق بىر يەردە سۇپىدا ياتىدىكەن.

مەسۇم تاز بۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ قاپتۇ ۋە كېچىسى ئۇخلىماستىن يېتىپتۇ. تۈن يېرىمىغا يېقىنلاشقاندا، باي خورەك تارتىپ راسا قاتتىق ئۇيقۇغا چۈشۈپتۇ. مەسۇم تاز ئاستاغىنا ئورنىدىن تۇرۇپ باينىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى كۆتۈرۈپ ئەكېلىپ ئۆزىنىڭ ئورنىغا ياتقۇزۇپتۇ - دە، ئۆزى ئۇنىڭ ئورنىدا يېتىۋاپتۇ.

تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەن چاغدا باينىڭ خوتۇنى شىپىلداپ كېلىپ:

— ھەي ئاتىسى، تۇرسىلا، ئاۋۇ تاز توڭگۇزدەك خورۇلداپ راسا قاتتىق ئۇخلاۋېتىپتۇ، ئويغىنىپ قالغۇچە چاپسان ئۇجۇقتۇرۇۋېتەيلى، — دەپ نوقۇپتۇ قاراڭغۇدا ئۇنىڭ مەسۇم ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن.

مەسۇم تاز ئۈن چىقارماستىن باينىڭ خوتۇنى بىلەن بىللە سۇپىغا كېلىپ، ئۇ يەردە ئۇخلاۋاتقان باينى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ. باينىڭ خوتۇنى ئۆيگە كىرىپ ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، مەسۇم تاز ئاشخانىغا كىرىپ چىراغنى ياندۇرۇپتۇ - دە: «مۇشۇ كۈنگە كەلگۈچە خوتۇنۇم بىلەن ئىككىمىز نۇرغۇن كىشىنى دەرياغا تاشلاپ، خۇدانىڭ ئالدىدا ناھايىتى چوڭ گۇناھلارنى قىلدۇق. بۈگۈن ئاخشام چاكىرىمىز مەسۇمنىمۇ تاشلىغاندۇق، لېكىن ئۇ خۇدانىڭ ئەزىز بەندىسى بولغانلىقتىن سۇغا غەرق بولماستىن قايتىپ چىقتى. ئەمدى مەن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە، شۇ كۈنگىچە خۇدانىڭ ئالدىدا قىلغان گۇناھلىرىمنى يۇيۇش ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئۆزۈم دەرياغا تاشلىدىم. بارلىق مال - مۈلكۈم، ئۆي - جايىم ۋە قىزىمنى ئۆزۈمنىڭ بالىسى ئورنىدا مەسۇمنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردۇم» دەپ يېزىپتۇ - دە، باينىڭ مۆھرىنى ئېلىپ بېسىپتۇ.

ئۇ ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ھويلىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ: «ۋاي باي دادام ! ۋاي باي دادام !» دەپ ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان باينىڭ خوتۇنى ۋە قىزى

قورققىنىدىن ئۆڭلىرى ئۆچۈپ يۈگۈرۈپ چىقسا، كېچىسى دەرياغا تاشلىۋېتىلگەن مەسۇم تاز: «ۋاي باي دادام» دەپ يىغلاپ يۈرگۈدەك. ھېلىقى خوتۇن ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ دەپ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تاشتەك قېتىپ قاپتۇ، بىردەمدىن كېيىن ئۆزىگە كېلىپ:

ــ ھەي تاز، نېمە بولدى؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ ۋاي ئاغىچا خېنىمەي، باي دادام ئۆلگۈچە مەن ئۆلسەم بولماسمىدى ! بۇ خۇدانىڭ قانداق تەقدىرىدۇ؟ ! ــ دەپ تېخىمۇ بەكرەك يىغلاپ ھېلىقى خەتنى بېرىپتۇ. باي-نىڭ خوتۇنى بىلەن قىزى خەتنى ئوقۇپ يىغلىشىپتۇ، قاقشىشىپتۇ، بىراق ئورنىغا كەلمەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، يىغا ـ زارلار بېسىلغاندىن كېيىن، ھېلىقى «ۋەسىيەتنامە»گە بىنا-ئەن قىز مەسۇم تازغا نىكاھ قىلىپ بېرىلىپتۇ. مەسۇم تاز پۈتۈن مال ـ مۈلۈككە ئىگە بوپتۇ. ئۇ بۇ ماللارغا مۇشۇ يېزا كەمبەغەللىرىنىڭ قان ـ تەرى سىڭگەن، دەپ مالالار-نىڭ ھەممىسىنى كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بېرىۋېتىپتۇ ـ دە، ئۆزى شۇ كۈندىن باشلاپ بەختلىك كۈن كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

# دانىشمەن ئانا

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، ئاتىنىڭ ساغرىسىدا تورغاي ئۇۋىلايدىغان زاماندا بىر ياش زەرگەر ئۆتكەنىكەن، زىبۇزىنىنەت بۇيۇملىرىنى ياساشتا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ھۈنەرۋەن يوق ئىكەن.

بىر كۈنى ئۇ ئۇزاقتىن بېرى تاللاپ، ساندۇقىدا ساقلاپ كەلگەن لەئەل - ياقۇتلاردىن كۆز قويۇپ بىر جۈپ بۇلاپكا سوقۇپ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا ئېسىپ قويۇپ ئولتۇرۇشىغا، بىرمۇنچە مەپە كېلىپ دۇكانىنىڭ ئۇدۇلىدا توختاپتۇ. ئوتتۇرىدىكى مەپىدە پادىشاھنىڭ قىزى مەلىكە گۈلجەمىلە بار ئىكەن. مەلىكە يوپۇقنى قايرىپ مەپىدىن بېشىنى چىقىرىپ بۇلاپكىغا قارىغاندا، كۆزى زەرگەر يىگىتكە چۈشۈپ قاپتۇ. يىگىت يىگىتلەرنىڭ كۆزى، ئىزدەپ يۈرگەنىنىڭ دەل ئۆزى چىقىپ قاپتۇ. مەلىكە ئاتىسىدىن بىسوراق ئەركەك چىۋىن بىلەنمۇ ئۇچرىشالمايدىكەن. ئۇ ئىلاجسىز يىگىتكە قاراپ لەپپىدە بىر كۆز تاشلاپ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىپتۇ - دە، مەپىسىنى چاپتۇرۇپ كېتىپ

قاپتۇ.

مەلىكىمۇ ئاي دېسە ئايدىن ئارتۇق، كۈن دېسە كۈندىن نۇرلۇق، بىر يۇتۇم سۇ بىلەن يۇتۇۋەتكۇدەك چىرايلىق قىز ئىكەن. ئۇنىڭ كۆزىدىن چاچرىغان بىر پارچە ئوت يىگىت-نىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپتۇ، يىگىت بولالماي دۇكاننى تاقاپ قايتىپتۇ. ئانا ئۆيگە كىرىپ قارىسا، ئوغلى مەيدىسىنى نەم يەرگە يېقىپ، بۇلاپكىسىغا بېقىپ، يىلاندەك تولغىنىپ يات-قۇدەك. ئانا ئەنسىرەپ:

— جېنىم بالام، بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق... مەپە... قىز ... — دەپ ئىڭراپتۇ يىگىت.

— ۋاي، تۈزۈكرەك سۆزلىگىنە، بالام، نېمە دەۋاتىسەن زادى؟ — دەپتۇ ئانا يېقىنراق كېلىپ. ئوغۇل بېشىنى كۆ-تۈرۈپ، بولغان ۋەقەنى بايان قىپتۇ. ئانا پېشانىسىنى تۇت-قىنىچە ئولتۇرۇپ بىرھازا ئويلىنىپتۇ ـ دە، ئاندىن:

— بالام، گېپىڭگە سەگگىسەم، شاھىمىزنىڭ قىزى مەلىكە گۈلجەمىلەگە كۆيۈپ قاپسەن. بۇ ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلىغاندەك بىر ئىش بوپتۇ. مەيدەڭگە مۇز، دۈمبەڭگە تۈز يېقىپ يۈرۈۋەرمەي، نىيىتىڭدىن ياز-غىن، — دەپتۇ.

يىگىت بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كېتىپ، ئانىسى-نىڭ قۇچىقىغا يىقىلىپتۇ. ئانا ئوغلىنىڭ بېشىنى يۆلەپ، ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپتۇ، ئاغزىغا ئابىكەۋسەر تېمىتىپ ھوشىغا

كەلتۇرۇپتۇ.

— ئوبدان بالام، كۆزۈڭنى ئاچقىن، ئىلاجىنى مەن قىلاي، مۇرادىڭغا يەتكىن، — دەپتۇ ئانا، — مەلىكە ھەر ھەپتىنىڭ جۈپ كۈنلىرى ئويناپ - كۈلگىلى چارباغقا كىرىدۇ، كىچىسى باغدىكى ھۇجرىسىدا قونىدۇ، شۇ چاغدا سەنمۇ بىرىپ ماراپ تۇرغىن. مەلىكىنىڭ ساڭا راستتىنلا مەيلى بولسا، سىنى كۆرگەندىن كىيىن بەلگە بىرىدۇ، ئىسىڭدە ساقلاپ، ماڭا كىلىپ دىگىن.

زەرگەر يىگىت جۈپ كۈننى كۈتۈپ، چارباغنىڭ ئارقىسىدا يىتىپتۇ. پەيشەنبە كۈن ئىكەن، مەلىكە باغقا كىرىپ، كىنىزەكلىرى بىلەن سۇ چىچىشىپ ئويناپتۇ، كۆلچەك بويىدىكى شىپاڭغا چىقىپ، ئالدىنى زەرگەر يىگىتنىڭ دۇكىنى تەرەپكە قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن يىگىت شۇ ياقتىن تامغا يامىشىپ، بىشىنى كۆرستىپتۇ. مەلىكە ئۇنى كۆرۈپ ئورنىدىن قوپۇپتۇ، يانچۇقىدىن ئەينەكنى ئىلىپ، ئاۋۋال ئەينەكنىڭ ئالدىنى، كىيىن ئارقىسىنى كۆرستىپتۇ، ئاندىن بىشىدىكى تارغاقنىڭ چىشلىرىنى



سۇندۇرۇپ كۆلچەككە تاشلاپتۇ ـ دە، شىپاڭدىن چۇشۇپ گۈللۈك ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

يىگىت مەلىكىنىڭ بىرەر ئېغىز لەۋزىنى ئاڭلاشقا بەكمۇ ئىنتىزار ئىكەن، تامغا مىنىپ، باغقا تەلمۈرۈپ كۈننى كەچ قىپتۇ. مەلىكە قايتا كۆرۈنمەپتۇ. يىگىت سەرسان كۆڭلىنى باغدا قويۇپ، ئۆزى قايتىپتۇ. ئانا مەلى- كىنىڭ بېشارىتىنى ئوغلىدىن ئاڭلاپ خۇش بوپتۇ.

— جان بالام، گېپىمگە قۇلاق سال ! — دەپتۇ ئانا، — ئىشىڭ ئوڭغا تارتىپتۇ. مەلىكىنىڭ ئەينەكنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىنى كۆرسەتكىنى — كۈندۈزدە كەلمەي، كېچىدە كەل دېگىنى؛ تارغىقىنىڭ چىشلىرىنى سۇندۇرۇپ كۆلچەككە تاشلىغىنى — باغنىڭ كۆلچەككە سۇ كىرىدىغان سۇڭگۈچىنىڭ ۋادەكلىرىنى سۇندۇرۇپ، شۇ يەر بىلەن كىر دېگىنى؛ گۈللۈككە كىرىپ كەتكىنى — ئاشۇ گۈللۈكتە ئۇچرىشىمىز دېگىنى. ئوبدان بالام، بۈگۈن كېچە، ئەتە كۈندۈزى قانغۇچە ئۇخلىۋېلىپ، كەچتە بارغىن.

يىگىت شېرىن خىياللارغا چۆمۈپ، سول كۆكسىنى مۇجۇپ، پىغان ئىچىدە چولپان يۇلتۇزغا قاراپ ئۆگزىدە يېتىپتۇ، تاڭنى كۈتۈپتۇ. تاڭمۇ ئېتىپتۇ، كەچمۇ بوپتۇ. يىگىت پىچىقىنى ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا تىقىپ، ئاي قاراڭ- غۇسىدا يولغا چىقىپ، كۆزلىگەن يېرىگە بېرىپتۇ، سۇڭ- گۈچىنىڭ ۋادەكلىرىنى قومۇرۇپ باغقا كىرىپتۇ. گۈللۈكتە مەلىكە يوق ئىكەن. يىگىت بىر دوقمۇشنى تاللاپ، مەلى-

كىنى ماراپ ئۇلتۇرۇپتۇ، ئۇلتۇرا ـ ئۇلتۇرا گۈل پۇرىقىدا مەست بولۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

مەلىكىنى سۆيگەن يىگىت زېرىكمەي ـ تېرىكمەي كۇ-تۇشى، كىرپىك قاقماي تۈننى تاڭغا ئۇلىشى شەرت ئىكەن، شۇنداق قىلالىغانلار سىناقتىن ئۆتكەن بولىدىكەن. ئىلگىد-رى كۇرمىگەن يىگىت شەرتنى بەجا كەلتۈرەلمەي داغدا قاپ-تىكەن. مەلىكە گۈللۈككە كېلىپ، زەرگەر يىگىتنىڭ ئۇخلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن بىزار بوپتۇ، يەنە ئۇنىڭ قامىتىگە قاراپ، ئۆز يۈرىكىنى سىلاپ بېقىپتۇ. «مەرتەم ـ مەرتەم، ئۈچ مەرتەم» دەپتىكەن، خەير، بوپتۇ، يەنە بىر مەرتەم سىناپ باقاي، دېگەن يەرگە كېلىپ، يىگىتنىڭ قې-شىدا بىردەم تۇرۇپتۇ ـ دە، كېتىپ قاپتۇ.

خوراز چىللاپتۇ. تاڭ يورۇپ قالسا، يىگىتكە خوۋلۇق بولمايدىكەن، مەلىكىگىمۇ باغقا كىرىش بەسى مۇشكۇل ئى-كەن. يىگىت لېۋىنى چىشلەپ، ئېڭىكىنى ئۇۋۇلاپ، چار-باغدىن ئايرىلىپتۇ، زار ـ زار قاقشاپتۇ. ئانا ئوغلىنىڭ پەرىشان ھالىغا ئېچىنىپ سوراپتۇ:

— بالام، بىرەر شەپە بولمىدىمۇ؟

— ياق، ئانا.

— يانچۇقۇڭ دومباق تۇرىدۇ، بالام، قاراپ باققىنا...

يىگىت يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ، بىر تال چالا كۆيد-گەن كۆمۈرنى ئاپتۇ ۋە ھەيران بولۇپ:

— ئانا، بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ. ئانا كۈلۈپ

كېتىپ دەپتۇ:

— بىلسەڭ، ئوغلۇم، ئۇخلاپ قېلىپ، مەلىكىنىڭ دې-گەن يېرىدىن چىقالماپسەن. ئۇنىڭ كۆمۈرنى يانچۇقۇڭغا سېلىپ قويغىنى — سەن ماڭا چالا - بۇلا كۆيگەنمىدىڭ؟ ئوتۇڭ ھېلىتىن ئۆچۈپتۇ، دېگىنى. خەيرىيەت، بەختىڭ بار ئىكەن، يول قويۇپتۇ. ئەتە كېچە لايغەزەللىك قىلماي، كۆزلىرىڭنى يۇمماي ئولتۇرغىن. قوپ، ئوبدان ئۇخلىۋال، بالام.

يىگىت: «ماقۇل» دەپ بېشىنى چۆمكەپ يېتىپتۇ، يات-قاندىمۇ كۆزىنى تېڭىپ، كۆمۈرنى قوينىغا سېلىپ، كۆڭلى باغدا، تېنى كاڭدا يېتىپتۇ. كۈن پېتىپ، خەلقئالەم جىم-مىپتۇ. يىگىت يولغا چىقىپتۇ. ئانا ئاقيول تىلەپ دۇئا قىپتۇ، «ئۇخلاپ قالمىغىن» دەپ جېكىپتۇ.

يىگىت يول بويى: «ئۇخلىمايمەن، ئۇخلىمايمەن! ئۇخلاپ قالىدىغان بولسام...» دەپ قەسەم ئىچىپتۇ. گۈل تۈۋىدە ئولتۇرۇپ مەلىكىنى كۈتۈپتۇ، بىردەم كۈتۈپ، گۈل پۇرىقىدا مەست بولۇپ يەنە ئۇخلاپ قاپتۇ. مەلىكە قاش - كىرپىكلىرىنى ياساپ، ياش كۆڭلىنى زەرگەر يىگىتكە ئا-تاپ، گۈل تۈۋىگە كېلىپ قارىسا، يىگىت خورەك تارتىپ ياتقۇدەك. مەلىكە ئاچچىقىغا پايلىماي، ئالدى - ئارقىسىغا قارىماي، يىگىتنىڭ ئالىقىنىغا بىر دانە ياڭاق تاشلاپ قو-يۇپ، كەلگەن يولىغا قايتىپتۇ.

خوراز چىللاپتۇ. يىگىت كۆزىنى ئېچىپ، يورۇقتىن

قىچىپ، يىغلىغان پېتى ئۇتتۇر ئۆيگە كەپتۇ. ئانا ياڭاقنى قولىغا ئېلىپ خاپا بوپتۇ:

— ئۇيقۇ سۇيىدىغۇ يۇغۇرماپتىم، بالام، يەنە ئۇخلاپ قاپسەن. مەلىكە، پادا باققاندا دوست بوپتۇق، ياڭاق چاققاندا ئايرىلدۇق، دەپتۇ. پېشانەڭدىن كۆر، ئەمدى بولدى قىل.

يىگىت پۇشايماننى ئالغىلى قاچا، ئۆزىنى يۆلىگىلى ئاچا تاپالماي، يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ.

— بوپتۇ، — دەپتۇ ئانا ئوغلىنىڭ نالىسىگە چىدىماي، — يەنە بىر قېتىم بارغىن. بۇدا مۇنداق قىلارسەن: ئۇيقۇڭ كەلگەندە، بىر بارمىقىڭنى كېسىۋال، يەنە بولالمىساڭ، كېسىلگەن قولۇڭنى تۇزغا چىلا، ئۇيقۇڭ قاچىدۇ. ئېيتقانلىرىمنى قۇلىقىڭدا چىڭ تۇت، بولمىسا، ئامالىم يوق.

يىگىت ئانىسىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرۈپتۇ. مەلىكە ئاشىقىنى ئويغاق هالدا ئۇچرىتىپ قوينىغا ئاپتۇ. ئىككى ياش يۈرەك مۇڭلىرىنى تۆكۈپ، كۆڭلىگە شېرىن خىياللارنى پۈكۈپ، مۇڭدىشا ـ مۇڭدىشا ئۇخلاپ قېلىشىپتۇ.

خوراز چىللاپتۇ. گۈللۈككە قارايدىغان گۈلچى قېرى ئۇلارنىڭ گىرە سېلىشىپ يېتىشقانلىقىنى كۆرۈپ پادىشاهقا مەلۇم قىپتۇ.

— داد پادىشاهئالەم، — دەپتۇ ئۇ تىزلىنىپ، —

مەلىكەم نامەھرەمگە قاراپتۇ، يىگىتنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ، تىنىقىنى پۇراپتۇ.

— جاللات! — دەپ ۋارقىراپتۇ پادشاھ غەزەپكە كېلىپ.

— خوش، تەقسىر، — دەپ تىك تۇرۇپتۇ ئىككى جاللات.

— گۇللۇكتە يېتىپتۇ ئىككى نائەھلى، بىرى ئەر، بىرى گۇلجەملە. تاشلاڭلار بەتبەختلەرنى زىندانغا، قانسۇن بىراقلا ئارزۇ - ئارمانغا، — دەپتۇ پادشاھ.

جاللاتلار مەلىكە بىلەن يىگىتنى زىندانغا تاشلاپتۇ. مەلىكە بىلەن يىگىت ئوتتۇردىكى تامدىن بىر تۆشۈك ئېچىپ، بىر - بىرىنىڭ دىدارىنى كۆرۈشۈپ تۇرۇپتۇ. بىر كۈنى مەلىكە ئارا تامدىكى تۆشۈككە بېشىنى تىقىپ، يىگىتتىن ئۆزىنىڭ ئىشارەت - بېشارەتلىرىنىڭ مەنىسىگە قانداق يەتكەنلىكىنى سورىغانىكەن، يىگىت ئانىسى ئارقىلىق يەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. مەلىكە خۇش بولۇپ:

— ئانىڭىز دانىشمەن ئىكەن. ئۇ بىزنى زىنداندىن قۇتقۇزۇپ چىقالايدۇ، — دەپتۇ ۋە ئىككى دانە ئاق قاشتېشىنى لاتىغا ئوراپ، گۇندىپاي ئارقىلىق يىگىتنىڭ ئانىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئانا بۇنى كۆرۈپ ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ، ئىككى لېگەن پولۇ ئېتىپ، بىر لېگەن بىلەن گۇندىپاينىڭ ئاغزىنى ياغلاپتۇ، بىرىنى زىندانغا ئەكىرىپ، ئىككى ياشقا يېگۈزۈپتۇ، ئاندىن مەسلىھەت بېرىپ:

— ئوغلۇم، ئايالچە ياسىنىپ چىقىپ كەتكىن، مەلىكىنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دەپتۇ.

يىگىت خۇش بولۇپ، ئانىسىنىڭ قولىغا سۆيۈپتۇ ۋە ئانىسىنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، داستىخاننى قولتۇقىغا قىسىپ، خىنىملاردەك يورغىلاپ، گۈندىپاينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ. دانىشمەن ئانا مەلىكىگە گۈلچى قىزى ئۈستىدىن ئەرز قىلدۇرۇپتۇ. ئەرزنى كۆرۈپ ھەيران قالغان شاھ زىندانغا كىشى ئەۋەتىپ تەكشۈرتۈپتىكەن، مەلىكىنىڭ يارىمۇ ئايال بولۇپ چىقىپتۇ. پادىشاھ ئۆز قىلمىشىغا پۇشايمان قىپتۇ ۋە جاللاتلارغا گۈلچى قىزنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، شەھەر دەرۋازىسىغا مىخلاشنى، مەلىكە بىلەن يىگىتنىڭ ئانىسىنى ئازاد قىلىشنى بۇيرۇپتۇ.

پادىشاھ بۇ ئىشتىن ھەيران ئىكەن، سىر ئۇقالماي سەرسان ئىكەن. ئاخىر بىر كۈنى مەلىكىدىن سوراپتۇ:

— قىزىم، سەن بىلەن ياتقان ئايال كىشى كىم بولىدۇ؟

— ئۆزىدىن سوراڭ، جېنىم دادا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەلىكە كۈلۈپ تۇرۇپ.

پادىشاھ قىزى ئارقىلىق يىگىتنىڭ ئانىسىنى قەسرىگە چاقىرتىپتۇ. دانىشمەن ئانا:

— پېقىرنى سورىسىلا، پادىشاھىئالەم، خۇدانىڭ ئەلچىسى بولىمەن، بالاغەتكە يەتكەن قىز - يىگىتنىڭ ھالىغا

يېتىمەن. ئۆز قىزى، ئۆز ئوغلىنىڭ بەختىگە ئولتۇرغان ھەزرەتلىرىدەك ئاتا ـ ئانىلارنىڭ جېنىنى ئېلىپ، ئەزرا-ئىلغا ئېلىشىغا ساتىمەن، — دەپتىكەن، پادىشاھ قورقۇپ تىترەپ كېتىپتۇ.

— ھەي خۇدانىڭ ئەلچىسى، بېشىمنى ئۆزۈڭ ئوڭشىد-غايسەن، — دەپ ئايالنىڭ ئالدىغا تاشلىنىپ يالۋۇرۇپتۇ.

— بۇنىڭ چارىسى ئاسان، شەھەرلىرىدە مەلىكە گۈل-جەمىلە بىلەن كىچىكىدىن ئاشىق ـ مەشۇق بولۇشقان قا-ۋۇل بىر زەرگەر يىگىت بار. ئىككىسىنىڭ بېشىنى قېتىپ قويسىلا جانلىرى ئامان قالىدۇ.

شاھ دانىشمەن ئانىغا رەھمەت ئېيتىپ، ئالدىغا بىر لىگەن تىللا قويۇپتۇ، زەرگەر يىگىتنى چاقىرتىپ كېلىپ، مەلىكىنى نىكاھلاپ بېرىپتۇ. زەرگەر يىگىت بىلەن مەلىكە گۈلجەمىلە مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىپتۇ.



# ئىككى ئوغرى

بۇرۇنقى زاماندا ئىلىدا بىر ئوغرى، قەشقەردە بىر ئوغرى بار ئىكەن. بۇ ئوغرىلار بىر - بىرىنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، ئىلىدىكى ئوغرى قەشقەردىكى ئوغرىنى ئىزدەپ بېرىپتۇ. ئىككى ئوغرى كۆرۈشۈپ هال - ئەھۋال سوراش-قاندىن كېيىن، ئىلىدىكى ئوغرى ئۆزىنىڭ ئوغرىلىق ھۇ-نىرىنى قەشقەردىكى ئوغرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. قەشقەردىكى ئوغرىمۇ بۇ-نىڭغا قوشۇلۇپتۇ. قەشقەردىكى ئوغرى:

— بىزنىڭ پېشايۋاندا بىر ياۋا كەپتەرنىڭ ئۇۋىسى بار، كەچتە مەن شۇ ياۋا كەپتەر بېسىپ ياتقان تۇخۇمنى ئېلىپ بېرەي، — دەپتۇ. دېگەندەك شۇ كۈنى كەچتە ياۋا كەپتەر تۇخۇم بېسىپ ياتقاندا، قەشقەرلىك ئوغرى ئۇنىڭ ئاستىدىكى تۇخۇمنى ئېلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇ تۇخۇمنى ئېلىپ چۈشكۈچە ئىلىلىق ئوغرى ئۇنىڭ تامبىلىنى سالدۇرۇۋاپ-تۇ. قەشقەرلىك ئوغرى:

— هە، مېنىڭ ھۈنىرىم قانداق ئىكەن؟ — دېگەند-





كەن، ئىلىلىق ئوغرى:

— ھۈنىرىڭ تولىمۇ ياخشى ئىكەن، — دەپ ئۇنىڭ تامبىلىنى قولىغا بەرگەنىكەن، قەشقەرلىك ئوغرى ئىلىلىق ئوغرىنىڭ ئەپچىللىكىگە قايىل بوپتۇ ـ دە، ئىككىسى قول بىرىشىپ، ئىلىلىق ئوغرى ئاكا، قەشقەرلىك ئوغرى ئۇكا بوپتۇ ھەمدە ئىككىسى بىرلىكتە ئوغرىلىق قىلىشقا ۋەدىلىشىپتۇ. قەشقەرلىك ئوغرىنىڭ ئانىسىنى ئىلىلىق ئوغرى ئانا تۇتۇپتۇ.

ئۇلار شۇنداق ئەھدىلىشىپ بىرەر ئايدىن كېيىن قەشقەرلىك ئوغرى پادىشاھنىڭ خەزىنىسىنى ئوغرىلاشنى تەك-

لىپ قىپتۇ، ئىلىلىق ئوغرى بۇنى ماقۇل كۆرۈپتۇ ـ دە:

— خەزىنىنى ئالساق ئالايلى، ئەمما مەن ئۇنى مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇپلا ئالالايمەن، — دەپتۇ.

— ئۆيدە تۇرۇپ قانداق ئالالايسەن؟ — دەپتۇ قەشقەر-لىك ئوغرى.

ئىلىلىق ئوغرى ئۇنىڭغا ئامالىنى دەپ بېرىپتۇ ـ دە، شۇ كۈندىن باشلاپ لەخمە كولاپ خەزىنىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ خەزىنىدىكى بارلىق دۇنيالارنى بىراقلا ئېلىپ كېتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى قوشنا شە-ھەرنىڭ پادىشاھى بىلەن قۇدىلىشىپ، ئۇنىڭغا توي مېلى تاپشۇرۇش ئۈچۈن خەزىنىنى ئاچقۇزغانىكەن، ئۇ يەردىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش تۇرماق، خەزىنىنىڭ ئاستىمۇ يوق تۇر-غۇدەك. چاپارمەنلەر دەرھال يېتىپ كېلىپ، بۇ ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ بۇ ئوغرىنى قانداق قىلىپ تۇتقىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىدىن مەسلىھەت سوراپتۇ. ۋەزىرلەردىن بىرى:

— ئوغرى ھازىر بىرلا خەزىنىنى ئاپتۇ. ئۇ يەنە باشقا خەزىنىلەرگىمۇ تېگىشى مۇمكىن. شۇڭا، بىز باشقا خەز-نىلەرگە داش قازان ئورنىتىپ، يېلىمنى ئېرىتىپ قازاننى تولدۇرۇپ قويساق، خەزىنىگە كىرگەن ئوغرى قازانغا چۈشۈپ چاپلىشىپ قالىدۇ. بىز ئۇنى تىرىك تۇتۇ-ۋېلىپ، پۈتۈن ئەۋلادىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيمىز، — دېگەند-

كەن، بۇ مەسلىھەت پادىشاھقا ماقۇل كەپتۇ.
دېگەندەك، ئۇلار قازاننى ئورنىتىپ، يارىيېلىمغا تولدۇ-رۇپ قويۇپتۇ.
ئىككى ئوغرى ھېلىقى خەزىنىنى ئوغرىلاپ ئارىدىن خېلى ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ باشقا خەزى-نىلىرىنىمۇ ئالماقچى بوپتۇ. بۇ چاغدا ئىلىلىق ئوغرى:
— ئالدىنقى قېتىم مېنىڭ پىلانىم بىلەن خەزىنىنى ئالدۇق، بۇ قېتىم سېنىڭ پىلانىڭ بويىچە ئالايلى، — دەپتۇ.
قەشقەرلىك ئوغرى ماقۇل بولۇپ، قايتىدىن لەخمە كولاپ خەزىنىگە چۈشكەندە يېلىم بار قازانغا چۈشۈپ كې-تىپتۇ. ئىلىلىق ئوغرى قارىغۇدەك بولسا، ئۇ قازانىڭ ئىچىدە تۇرغۇدەك. ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى قۇتقۇزالماپ-تۇ. قارىسا، تاڭ ئېتىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ:
— ئەمدى سېنى قۇتقۇزۇشنىڭ بىرلا ئامالى قالدى. سەن تىرىك تۇتۇلۇپ قالساڭ، مەنمۇ، ئاناڭمۇ ۋە باشقا ئۇ-رۇق - تۇغقانلىرىڭمۇ ھايات قالمايدۇ. شۇڭا، مەن سېنىڭ بېشىڭنى ئېلىپ كېتىشىم كېرەك، بولمىسا، سەن ئۆلگەن بىلەنمۇ ئۇرۇق - ئەۋلادىڭ پادىشاھنىڭ قىلىچىدىن قۇ-تۇلالمايدۇ، — دەپتۇ.
قەشقەرلىك ئوغرى ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەق ئىكەن-لىكىنى بىلىپ، ئاننىسىغا ياخشى قاراشنى تاپىلاپ، كاللى-سىنى ئېلىشقا رازى بوپتۇ.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن جىسەكچىلەر خەزىنىگە كىرسە، بېشى يوق بىر ئادەم قازاندا ياتقۇدەك. بۇ خەۋەرنى دەررۇ پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ: «ئەمدى قانداق قىلىمىز؟» دېگەنىكەن، ۋەزىرلەردىن بىرى:

— بۇ قازاننى جەسەت بىلەنلا مەيدانغا ئاچىقىپ پۈتۈن شەھەر خەلقىنى قازاننىڭ يېنىدىن ئۆتكۈزەيلى. بۇ جەسەتنىڭ بىرەر ئۇرۇق - تۇغقىنى ئۇنى تونۇپ چوقۇم يىغلايدۇ. شۇ چاغدا بىز بۇ ئوغرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بارلىق جەددى - جەمەتىنى تۇتىمىز، — دەپ ئەقىل كۆرسىتىپتۇ. بۇ مەسلىھەت پادىشاھقا يېقىپتۇ - دە، قازاننى جەسەت بىلەن چوڭ مەيدانغا ئاچىقىپ قويۇپتۇ.

پۈتكۈل شەھەردە بىرمۇ ئادەم قالماي قازاننىڭ يېنىدىن ئۆتۈشكە جاكار چىقىرىلىپتۇ. بۇ جاكارنى ئاڭلىغان ئىلىلىق ئوغرى پادىشاھنىڭ قورغان قىلىنىقىنى چۈشىنىپ، موماينىڭ يېنىغا كىرىپ:

— ئانا، پادىشاھ قازاننىڭ يېنىدىن ئۆتۈشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ، ھەممىمىز شۇ يەردىن ئۆتمەي ئامال يوق. سىلى قازاندىكى جەسەتنى كۆرۈپ بالىلىرىغا ئىچىنىپ يىغلاپ تاشلايدىلا، مانا شۇ چاغدا پادىشاھ ھەممىمىزنى تۇتىدۇ. شۇڭا، قازاننىڭ يېنىغا بېرىشتىن بۇرۇن ئۈچ تال قىزىلچىنى پىشۇرۇپ تاۋاققا سېلىپ ئېلىپ بارسىلا، جەسەتنىڭ يېنىدىن ئۆتكۈچە يىغلىماي، ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن يىغلاۋەرسىلە. بۇ خەۋەر پادىشاھقا يېتىدۇ، پادىشاھ

شۇ چاغدا سىلىنى تۇتۇشقا ئەمر قىلىدۇ، تۇتۇپ ئاپىرىپ: «نېمىگە يىغلايسەن؟» دەپ سورىسا، سىلى: «مەن توقسان ياشقا كىردىم. مۇشۇ كەمگىچە پادىشاھنى كۆرمىگەنىدىم. بۈگۈن پادىشاھنى كۆرىدىغان بولدۇم دەپ، پادىشاھقا سوۋغات قىلىش ئۈچۈن بۇ ئۈچ تال ئالتۇننى ئېلىپ كەلسەم، بۇ يەرگە كەلگەندە قىزىلچىغا ئايلىنىپ قالدى، مۇشۇنىڭغا يىغلاۋاتىمەن» دېسىلە، — دەپتۇ.

پەرمان چىقىرىلغاننىڭ ئۈچىنچى كۈنى جەسەتنىڭ يېنىدىن ئۆتۈش موماي كەپتۇ. موماي ئىلىلىق ئوغرىنىڭ دېگىنى بويىچە، جەسەتنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن يىغلاپتۇ، ياساۋۇللار ئۇنى تۇتۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقىنى سورىغانىكەن، موماي:

— جانابلىرىغا سوۋغات ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ئالتۇنلىرىم جەسەتنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە قىزىلچىغا ئايلىنىپ قىلىۋاتسا، مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ — دەپ ئوغرى ئۆگەتكەن سۆزلەرنى دەپ بولۇپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپتۇ. مومايىنىڭ يىغىسىدىن تەسىرلەنگەن پادىشاھ: «مېنىڭ سادا قەتمەن پۇقرايىم ئىكەنسەن» دەپ ياساۋۇللارغا بۇيرۇپ، نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن مومايىنى ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ.

ئىلىلىق ئوغرىمۇ بۇ قاپقاندىن سالامەت قۇتۇلۇپ ئۆيگە كەلسە، موماي پادىشاھ بەرگەن مال - دۇنيانى ئۆيىگە

دۈۋلەپ قويۇپ ئولتۇرغۇدەك.

ئىلىق ئوغرى ئىنىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۇ-چۇن، پادىشاھنىڭ ئۇچىنچى خەزىنىسىگە چۈشمەكچى بولۇپتۇ. «يا خەزىنىنى ئېلىپ چىقاي، يا ئىنىمگە ئوخشاش مەنمۇ ئۆلەي» دەپتۇ ئۇ كۆڭلىدە.

ئۇ لەخمە كولاپ، ئۆزى مۆلچەر قىلغان يەرگە كېلىپ خەزىنە ئىچىگە كىرىشكە بىر گەز ئارىلىق قالغاندا كولاش-نى توختىتىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ – دە:

– پادىشاھئالەم، ئاگاھ بولغايلا، بۈگۈن جانابلىرىنىڭ ئۈچىنچى خەزىنىلىرىنى ئوغرى ئېلىپ كېتىدۇ، – دەپتۇ.

پادىشاھ بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ:

– خەزىنىگە ئوغرى چۈشىدىغانلىقىنى سەن قانداق بىلىسەن؟ – دەپتۇ.

– مەن بىلىدىغىنىمنى دەپ قويدۇم، قالغان ئىش ئۆزلىرىنىڭ، – دەپتۇ ئوغرى. پادىشاھ:

– ئوغرى كىرمەي قالسا ياكى كىرسىمۇ خەزىنىنى ئالالماي قالسا، ئەتە سېنىڭ كاللاڭنى ئالىمەن، – دەپتۇ.

ئوغرى:

– ئېيتقانلىرىدەك بولسا، كاللامنى ئېلىشقا مەن رازى، ئەگەر ئېلىپ چىقىپ كەتسە، قانداق بولىدۇ؟ – دەپ سورىغانىكەن، پادىشاھ:

– راستىنلا سېنىڭ دېگىنىڭدەك خەزىنىنى ئېلىپ كەتسە، ئەتە پادىشاھلىقىمنى ساڭا ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن، –

دەپتۇ.

ئىككىسى شۇنداق ۋەدىلىشىپ توختامنامە يېزىپتۇ. ئوغرى ئۆيگە قايتىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ خەزىنىنى مۇھاپىزەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، خەزىنىنىڭ ئىچى - سىرتىغا قاراۋۇللارنى كۆپەيتىپتۇ.

ئوغرى ئۆيىگە بېرىپ خاتىرجەم ئۇخلاپتۇ. ئۇ تەڭ كېچىدىن كېيىن، تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ خەزىنىگە بېرىپ لەخمە يولنىڭ قېپقالغان قىسمىنى ئاستا تېشىپ خەزىنىگە كىرسە، خەزىنە ئىچىدىكى قاراۋۇللار خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقۇدەك. ئوغرى ھېچقانداق تىۋىش چىقارماي خەزىنىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى يۆتكەپ بوپتۇ. ئەتىگەنلىكى قاراۋۇللار ئورنىدىن تۇرۇپ قارىغۇدەك بولسا، خەزىنە ئىچى قۇپقۇرۇق تۇرغۇدەك. پادىشاھ ئەھۋالنى ئۇقۇپ خەزىنىگە بېرىپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قاپتۇ - دە، كۆزى قاراڭغۇلىشىپتۇ. ھەرنېمە دېگەن بىلەنمۇ، پادىشاھ توختام بويىچە پادىشاھلىقنى ئوغرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئوغرى بۇرۇنقى پادىشاھنى ئۆزىگە ئوڭ قول ۋەزىر قىلىۋاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، بىر كۈنى پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرگە:

— سىز پادىشاھلىق قىلىۋاتقان چاغدا، خەزىنىگە چۈشكەن ئوغرىنى تۇتۇۋالغان بولسىڭىز، قانداق قىلاتتىڭىز؟ — دەپ سورىغانىكەن، بۇرۇنقى پادىشاھ:

— قىيما قىلىپ توغرىۋەتكەن بولاتتىم، — دەپتۇ.

— مانا قاراڭ، — دەپتۇ پادىشاھ، — شۇ ئوغرى دەل مانا مەن بولىمەن. بىرىنچى قېتىم خەزىنىڭىزنى مەن ئې-لىپ كەتتىم. ئىككىنچى قېتىم ئىنىمنى ئىشقا سالسام، ئۇ يېلىم بار قازانغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بېشىنى ئېلىپ كەتتىم. جەسەتنى مەيدانغا ئېلىپ چىققاندىمۇ، قى-زىلچا ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ قۇتۇلدۇق. ئىنىمنىڭ قى-ساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۈچىنچى قېتىم خەزىنىگە كى-رىشتىن بۇرۇن سىز بىلەن ئەھدىلىشىپ خەزىنىنىمۇ ئال-دىم، پادىشاھلىقىنىمۇ ئالدىم. سىز ھەقىقەتەن ۋەدىسىدە تۇ-رىدىغان ياخشى پادىشاھ ئىكەنسىز. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئا-دىللىق بىلەن شەھەر سوراڭ، يەنىلا ۋەدىڭىزدە تۇرۇڭ. مەن پادىشاھلىقنى ئۆزىڭىزگە قايتۇرۇپ بېرىپ، ئانامنى ئېلىپ يۇرتۇمغا كېتىمەن، — دەپ پادىشاھلىقنى شۇ كۈنىلا بۇ-رۇنقى پادىشاھقا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، سەپەر جابدۇقى پۈتكەن-دىن كېيىن قەشقەرلىك ئوغرىنىڭ ئانىسىنى ئېلىپ ئىلى-غا قايتىپ كېتىپتۇ.

# ئەقىللىق دېھقان

بۇرۇنقى زاماندا بىر يۇرتتا ناھايىتى نامرات بىر دېھ-قان ئۆتكەنىكەن. ئۇ يىل بويى كىشىلەر ئىشىكىدە يىللىق-چى بولۇپ ئىشلەيدىكەن. ئاخىر ئۇ يوقسۇزلۇقىنىڭ دەردىگە چىدىماي داد ئېيتىپ پادىشاھ ئالدىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى قوبۇل قىلىپ:

— نېمە ئادەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن يەيدىغانغا نېنىم يوق، كىيىدىغانغا كىيىمىم يوق نامرات بىر بىچارىمەن، — دەپتۇ دېھقان.

پادىشاھ:

— بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىڭ نېمە؟ نېمە تەلىپىڭ بار؟ — دەپتۇ. دېھقان:

— مېنىڭ تەلىپىم يۇقىرى ئەمەس. قولۇمغا يارلىق يېزىپ بەرسىلە، يۇرتۇمدىكى بەگلىرىم ماڭا كالا تېرىسى-چىلىك بىر پارچە يەر، بىر چېلەك سۇ بەرسە، ئۇنىڭدىن باشقا سىلىگە دەيدىغان تەلىپىم يوق، پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ.

پادىشاھ، مەندەك بىر پادىشاھ ئۈچۈن، كالا تېرىسىچە-
لىك بىر پارچە يەر، بىر چېلەك سۈغا يارلىق چۈشۈرۈش
قانچىلىك ئىشتى، دەپتۇ - دە، بىر پارچە يارلىق يېزىپ،
مۆھرىنى بېسىپ دېھقاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. دېھقان تە-
زىم ۋە بىرمۇنچە رەھمەت - ھەشقالللا بىلەن ئوردىدىن
كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

دېھقان ئوردىدىن چىققاندىن كېيىن، ئاۋۋال بىر پارچە
كالا تېرىسى ۋە بىر دانە چېلەك سېتىۋاپتۇ، ئاندىن كالا
تېرىسىنى ناھايىتى ئىنچىكە تاسما قىلىپ تىلىپتۇ، چې-



لەكنىڭ تۈۋىنى ئېلىۋېتىپتۇ، شۇنداق قىلىپ، بەگنىڭ ئالدىغا پادىشاھنىڭ يارلىقىنى كۆتۈرۈپ بېرىپتۇ. بەگ يار-لىقنى قولىغا ئېلىپ قاراپ باقسا: «تەۋەيىڭلاردىكى بۇ دېھ-قانغا كالا تېرىسى چوڭلۇقىدا يەر، بىر چېلەك سۇ بې-رىڭلار» دېگەن يارلىق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بەگ دېھقاننى باشلاپ ئېتىزلىققا بېرىپتۇ.

دېھقان تاسمىنى چۇۋۇپ بىر ئايلاندۇرغانىكەن، ئون بەش تاناپ يەرگە يېتىپتۇ. دېھقان بەگنى يەنە ئۆستەڭ يې-نىغا بېرىشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئۇلار ئۆستەڭنىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن، تۈۋى يوق چېلەكنى ئۆستەڭگە قويۇپ ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى بۆككەنىكەن، ئېرىققا بىر تاشلىق سۇ چىقىپتۇ. بەگ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، پادىشاھنىڭ دېھقانغا ئالدانغانلىقىنى سېزىپتۇ. يەر بىلەن سۇنى بەرمەي دېسە، پادىشاھنىڭ يارلىقى بار، شۇنىڭ بىلەن ئىلاجسىز يەر بى-لەن سۇنى دېھقانغا بۆلۈپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ دېھقان ئالۋان ـ سېلىق، زاكاتتىن خالىي بوپتۇ. تۈۋى يوق چېلەكتىن چىققان سۇ يىل بويى دېھقاننىڭ ئېتىزىغا ئېقىپ، بىر ئۆمۈر غەمسىز ياشاپتۇ.

# كۆڭۈلدىكىدەك كېلىن



بۇرۇن بۇرۇنلاردا، توخۇ تۇرنىكەن، مانا شۇنداق زامانلارنىڭ بىرىدە بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئادەم شەھەرنىڭ قېشىدا دېھقانچىلىق قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئېگەككە تاقاشقۇدەك بولغان بىر ئوغلى بولۇپ، ئەقىل ـ ھوشى سەل كەمرەك ئىكەن، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىغا ئامراق ئىكەن. ئۇ ئادەم بىر كۈنى ئىشتىن يېنىپ، مۇنداق خىيالغا كېتىپتۇ: ئوغلۇم كۈندىن ـ كۈنگە چوڭ بولۇۋاتىدۇ، ئەمدى ئۆيلەپ قويماي بولمايدۇ. ئوغلۇمنى يولغا سالالايدىغان، كۆڭۈلدىكىدەك كېلىن تاپسام ياخشى بولاتتى. بىراق، ئۇ ئادەم مۇنداق قىزنى ئۇرۇق ـ تۇغقان، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىنىڭ ئىچىدىن ئىزدەپ تاپالماپتۇ. ئاخىر، خېلىدىن بېرى ئوغلۇمنى تۇزۇكرەك ئىشقا سېلىپ كۆرمەپتىمەن، بىر ئىشقا بۇيرۇپ باقاي، ئاز ـ پاز ئەقىل كىرگەن بولسا ئەجەب ئەمەس، دەپ، يانچۇقىدىن ئىككى پۇل ئېلىپ ئوغلىغا بېرىپتۇ:

— بالام، بۇ پۇلغا بازاردىن بىزگە ئوزۇق، كالىغا

بوغۇز، توخۇغا دان ئېلىپ كەلگىن، ــ دەپتۇ.

ئوغلى پۇلنى ئېلىپ بازارغا بېرىپ، ئۇنىڭ - بۇنىڭ باھاسىنى سوراپ كۆرۈپتۇ، قارىسا، بۇ پۇلغا پەقەت بىرلا نەرسە كېلىدىكەن، بازارنى ئايلىنىپ، دادىسى دېگەن سودىلىقنى تاپالمىغاندىن كېيىن بېشى قېتىپتۇ ۋە ئۆيىگە يېقىن بىر خالتا كوچىغا كىرىپ، قۇلۇپلاقلىق بىر ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇپتۇ. بۇ بالىنىڭ بۇنداق تۇرغىنىنى كۆرگەن بىر قىز ئويناۋاتقان يېرىدىن قوپۇپ، ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ. بالا قىزغا قاراپمۇ قويماپتۇ. ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى قىز تالاغا چىقسا، بايىقى بالا يەنە ئۆز جايىدا قېقىسپ قويغان قوزۇقتەك تۇرغۇدەك. قىز ئۇ بالىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق تۇرغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ سوراپتۇ:

ــ ھوي بالا، سىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭىز يوقمۇ؟ بايا شۇنداق تۇرۇۋىدىڭىز، تېخىچە قوزغالماپسىز!

ــ مېنىڭمۇ ئىشىم بار ئىدى، ــ دەپتۇ بالا ئىزا تارتقانلىقىنى بىلىندۇرمەسلىككە تىرىشىپ، ــ شۇ ئىشىمنىڭ تۈگۈنىنى يېشەلمەي مۇشۇنداق تۇرىمەن.

ــ ئېيتىڭا، ئۇ قانداق تۈگۈن؟ مەن ئاڭلاپ باقاي، ــ دەپتۇ قىز. بالا:

ــ دادام ماۋۇ پۇلغا بىزگە ئوزۇق، كالىغا بوغۇز، توخۇغا دان ئېلىپ كەل، دېۋىدى، بازارغا بېرىپ ئۇنى - بۇنى سوراپ باقسام، بۇ پۇلغا شۇ ئۈچ نەرسىنىڭ بىرىلا

كېلىدىكەن. دادامنىڭ ئالدىغا نېمىدەپ بېرىشىمنى بىلمەي تۇرىمەن، ــ دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قىز مۇلايىملىق بىلەن:

ــ مەن ئېيتىپ بەرسەم، خۇش بولامسىز؟ ــ دەپتۇ. بالا خىجىللىقتىن يەرگە قاراپ، تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرۇپتۇ.

ــ بازارغا بېرىپ، پۇلىڭىزغا قوغۇن ئېلىڭ، ئۇنىڭ ئېتى سىلەرگە ئوزۇق، شاپىقى كالىغا بوغۇز، ئۇرۇقى توخۇغا دان بولىدۇ، ــ دەپتۇ قىز.

بالا بۇ گەپنى ئاڭلاپ، تۇرۇپ ئويلىسا راست، قىزغا رەھمەت ئېيتىپتۇ، بازارغا بېرىپ قوغۇندىن بىرنى ئېلىپ ئۆيگە بېرىپتۇ. دادىسى ئوغلىنىڭ كېچىكىپ كەلگەنلىكىدىن، بۇيرۇغان نەرسىنى تاپالمىغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتۇ ۋە:

ــ بۇنى ئۆزۈڭ ئويلاپ تېپىپ ئەكەلدىڭمۇ ياكى بىرەر كىم ئەقىل كۆرسەتتىمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

بالا دادىسىغا راستىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ ئادەم، ھە، مېنىڭ ئوغلۇمنى يولغا سالىدىغان، چىرىغىمنى ئۆچۈرمەيدىغان كۆڭۈلدىكىدەك كېلىننى ئەمدى تاپتىم دەپ، ئوغلىنى ئالدىغا سېلىپ بېرىپ قىزنىڭ ئۆيىنى كۆرۈپ قويۇپ يېنىپ كەپتۇ، كېيىن قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپتۇ ۋە ئىككى تەرەپ كېلىشىپ تويلىشىپتۇ.

# تەدبىرلىك باغۋەن

قەدىمكى زاماندا بىر باغۋەن ئۆتكەنىكەن. ئۇ باغۋەن-ىنىڭ ناھايىتى گۈزەل بېغى بار ئىكەن. باغۋەن بىر كۈنى باغقا كىرىپ قارىسا، ئۈچ ئادەم مېۋە يەۋاتقۇدەك. باغۋەن ئۇلارنى قوغلاپ چىقىراي دەپتۇيۇ، لېكىن يەنە، مەن يال-غۇز، ئۇلار ئۈچ ئادەم تۇرسا، قانداقمۇ كۈچۈم يەتسۇن، باشقىچە بىر تەدبىر قوللانمىسام بولمىغۇدەك، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈرۈپتۇ. بۇ ئۈچ كىشىنىڭ بىرى موللا، بى-رى غوجىزادە، بىرى سوپى ئىكەن. باغۋەن سوپىغا مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي سوپۇم، بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ بۇ ئۇلۇغلارنىڭ تېگىگە سېلىپ بېرىشكە گىلەم ئەكېلىڭ.

سوپى ماقۇل دەپ گىلەمگە مېڭىپتۇ. ئاندىن باغۋەن موللا بىلەن غوجىزادىگە مۇنداق دەپتۇ:

— سىلەر موللا ۋە غوجام دەپ ياخشى نامغا ئىگە بولغان زاتلار. موللام، بىز سىلەرنىڭ پەتىۋالىرىڭلار بىلەن نان يەيمىز ۋە سىلەرنىڭ ئىلىملىرىڭلارنىڭ قانىتى بىلەن

ئۇچىمىز. مۇنۇ غوجام بولسا، كەلگۈسى سۇلتانىمىزدۇر ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان زاتتۇر. ئۆيگە گىلەم-گە كەتكەن سوپى بولسا، پەسكەش ۋە قورساق تويغۇزۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان چۈپرەندىدۇر. ئۇنىڭ ھەربىرلىرىدەك ئۇلۇغ زاتلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشقا لاياقىتى يوق-تۇر. سوپى گىلەمنى ئېلىپ كەلسە، ئۇنى ھەمراھ قىلماي تاماشا قىلىشقايلا. باغ دېگەن ھەربىرلىرىنىڭ شەرىپىگە قارىغاندا ھېچ نەرسە ئەمەس، بەلكى مېنىڭ مۈلكۈم ھەر-بىرلىرىنىڭ مۈلكىدۇر.

باغۋەن سوپىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ، ئۇنىڭغا پىچىرلىدى:

— ئەي پەسكەش سوپى، كىشىنىڭ بىغىغا رۇخسەتسىز كىرگەنلىك سوپىلىق بولامدۇ؟! جۇنەيدىل باغدادى ۋە باش-قا پىرلىرىڭ مۇشۇنداق تەلىم بەرگەنمىدى؟! — دەپ سو-پىنى قاتتىق ئۇرۇشقا باشلاپتۇ ۋە ئۇنىڭ بېشىنى زەخمە-لەندۈرۈپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويۇپتۇ. سوپى كۆڭلىدە: «ئەي موللام ۋە غوجام، سىلەر ھەم مەندەك بولۇشنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار. مەن تاياق يېدىم، لېكىن مەن ماۋۇ مەككار باغ-ۋەندىن ياخشىراق ئىدىم. كىشىنىڭ ئالدىمىغا چۈشكەن ھەرقانداق ئەخمەق كىشى مۇنداق شەربەتنى ئىچمەي قالماي-دۇ. ماڭا ھەرقانداق ئىش بولغان بولسا، سىلەرگە ھەم بولغۇسىدۇر. بۇ جاھان گويا بىر تاغدۇر، تاغقا نېمىدەپ ۋارقىرىساڭ، ئەكس سادا دەرھال قايتىپ كېلىدۇ، يەنى

ياخشىلىق ۋە يامانلىقلىرىڭ ھەممىسى ساڭا قايتىپ كېلىدۇ...» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ.

باغۋەن سوپىنى چالا ئۆلۈك قىلىپ قويغاندىن كېيىن، غوجامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەي غوجام، سىلىگە ئاتاپ ئالىي تاماق تەييارلاپ قويغانىدىم. ئۆيۈمگە بارسىلا، قىماز ئىسىملىك بىر ئايال بار، كاۋاپ بىلەن ناننى ئېلىپ بېرىدۇ، باغقا ئېلىپ كەلسىلە، — دەپتۇ. باغۋەن غوجامنى يولغا سېلىپ بولۇپ، موللامغا:

— ئەي موللام، سىزنىڭ ئالىملىقىڭىز روشەن - ئاشكارىدۇر، غوجا بولسا: «مەن ئۇلۇغ» دەپ دەۋا قىلىدۇ، ئەمما ئۇ ھەرگىزمۇ سىز بىلەن تەڭ بولالمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇش سىزگە نۇقسان كەلتۈرۈپ قويىدىكەن، — دەپتۇ. باغۋەن موللامنى ئالداپ قويۇپ، غوجامنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي ئېشەك، مېنىڭ بېغىمغا سېنى كىم چىللىدى؟ ! ئوغرىلىق ساڭا پەيغەمبەردىن مىراس قالغانمۇ؟ !

باغۋەن غوجىنى قاتتىق ئۇرۇپ، ئۇنىمۇ چالا ئۆلۈك قىپتۇ. غوجام دىلىدا موللامنى ياد ئېتىپ كۆزىگە ياش ئېلىپ شۇنداق دەپتۇ: «ئەي موللا، سەن يالغۇز قالدىڭ، سەنمۇ دۇمباق كەبى تاياققا تەييار بولغىن. مەن گەرچە ساڭا ھەمراھلىققا لايىق بولمىساممۇ، لېكىن زالىم باغۋەندىن ياخشىراق ئىدىم. ئەي موللا، سەن مېنى باغۋەننىڭ

ئالدىغا سېلىپ قويدۇك، بۇ قىلغىنىڭ ئەخمەقلىقتىن باشـ
قا نەرسە ئەمەس. ماڭا بولغان ئاراز، تاياق ھەم ساڭا بولغۇسىـ
دۇر».

باغۋەن غوجىنى چالا ئۆلۈك قىلىپ بولۇپ، موللامىنىڭ قېشىغا كەپتۇ.

ــ ئەي موللا، سەن ھەقىقىي موللا ئەمەس، بەلكى ھەممە ئىلىمسىزلەرنىڭمۇ سېنىڭدىن نومۇسى كېلىدۇ. سەن پەيغەمبەرنىڭ ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش كېرەك، دەيسەن، لېكىن مېنىڭ بېغىمغا رۇخسەت بارمۇ، يوق، دېمەي كىـ
رىسەن. رۇخسەتسىز ھالدا كىشىنىڭ بېغىغا كىرىش توغرا دەپ ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىپە ۋە يا ئىمام شاپىي پەتىۋا بەرگەنمۇ ياكى ئىسلام كىتابىدا ئىگىسىدىن سورىماي كىـ
شىنىڭ ھەققىنى يېيىش توغرا دېگەن سۆز بارمۇ؟ ! ــ دەپ موللىنى قاتتىق جازالاپتۇ. موللا كۆڭلىدە: « بۇ جازا ماڭا ھەقتۇر، ھەر كىشىكىم مەندەك ئالدام خالتىغا چۈشۈپ دوستلىرىدىن ئايرىلىپ يالغۇز قالسا، شۇنداق جازاغا لايىق بولۇر. ماڭا باغۋەننىڭ جازاسى تېخى ئازدۇر. مەن ئۆز كۆ-
مىچىمگە چوغ تارتىپ دوستلارغا يامان كۆز بىلەن قاراپ، يالغۇز قالسام، كۆپرەك يەرمەن دېگەن غەرەزدە بولدۇم، شۇڭا بۇ جازا ماڭا ھالال» دەپ ئويلاپتۇ.

باغۋەن موللىنى چالا ئۆلۈك قىلىپ قويۇپ باغنىڭ سىرتىغا تاشلاپتۇ ۋە باغنىڭ دەرۋازىسىنى ئېتىپتۇ.

# ياغاچچى بىلەن بوياقچى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ-نىڭ بىر ياغاچچىسى بىلەن بىر بوياقچىسى بار ئىكەن. بۇ ئىككى ئۇستا پادىشاھنىڭ پۈتۈن ئوردا - سارايلىرىنى ياساپ زىننەتلەيدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ پادىشاھ ئۆلۈپ، ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى پادىشاھ بوپتۇ. ياش پادىشاھ ھېلىقى ئىككى ئۇستى-نى خۇددى ئۆز ۋاقتىدا ئاتىسى ئەتىۋارلىغاندەك ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپتۇ. ياغاچچى ئۇستا تولىمۇ تەدبىرلىك، توغرا ئا-دەم ئىكەن، لېكىن بوياقچى ئىچى تار، كۆرەلمەس، قارا كۆڭۈل ئادەم ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ياغاچچى ئۇستىنى ياخشى كۆرگىنىنى كۆرەلمەيدىكەن، شۇڭا دائىم ياغاچچىنىڭ بىرەر ئەيىبىنى ئىزدەپ يۈرسىمۇ، لېكىن چوڭلىغا توختى-غۇدەك بىر ئەيىب تاپالماپتۇ. ئىچى يامان بوياقچى ئۇنداق ئويلاپ، مۇنداق ئويلاپ ئاخىر ياغاچچىنى كۆزدىن يوقىتىش-نىڭ ئامالىنى تېپىپتۇ - دە، بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ئال-دىغا كىرىپتۇ.

— ئى پادىشاھى ئالەم، — دەپ قول قوشتۇرۇپ، ئۆز مەقسىتىنى بايان قىلىشقا باشلاپتۇ بوياقچى، — جانابلىرى-نىڭ ئالدىغا ناھايىتى بىر نازۇك ئىش بىلەن كەلدىم، ئېيتاي دېسەم، قاراپ تۇرۇپ ئۆز ھەمراھىم ياغاچچى ئۇس-تىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ قالارمەنمىكىن دەپ قورقتۇم، ئېيتماي دېسەم، جانابلىرىنىڭ بەرگەن تۇزىنى ئاياغ ئاستى قىلغاندەك بولۇپ قالىمەنمىكىن دەپ قورقتۇم. ئاخىر ئويلاپ، جانابلىرىغا بولغان ساداقىتىمنى يوقىتىپ قويۇش-نى ئۆزۈمگە ئىككىلا ئالەمدە گۇناھ دەپ بىلىپ، بۇنى بايان قىلىش ئۈچۈن ھوزۇرلىرىغا كەلدىم، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭ-لىغان پادىشاھ پۈتۈن دىققىتىنى بوياقچىغا قارىتىپ:

— قېنى، ماڭا بولغان ساداقىتىڭنى بايان قىلغاي-سەن، — دەپ جاۋاب كۈتۈپتۇ.

— تەقسىر، پېقىرلىرى ئاخشام — ئۇلۇغ ئازنا ئاخ-شىمى ئاجايىپ بىر سىرلىق چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە جەننەتنىڭ ئىچىدە يۈرگۈدەكمەن. جەننەتنىڭ ئاجايىپ گۈ-زەل باغلىرىنى ئارىلاپ، ھۆر - غىلمانلار بىلەن سەيلە - تاماشا قىلىپ بىر پېشايۋاننىڭ قېشىغا بارسام، كۆزۈمگە تونۇش بىر زات كۆرۈندى. تەنلىرىم يايرىغاندەك بولدى. بايقىغۇدەك بولسام، ئۇ جانابلىرىنىڭ ئاتىسى مەرھۇم شا-ھىمىز ئىكەن. ئۇ زات مېنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە يېنىغا چاقىردى، قېشىغا باردىم. ئاتىلىرىنىڭ يۈز - كۆزى نۇرغا تولغان، ئەتراپىدا ھۆر - پەرىلەر جەۋلان قىلىپ تۇ-

روپتو، لېكىن پادىشاھىمنىڭ ئۇلار بىلەن زادى كارى يوق. مەن پادىشاھىمنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر خاپا بولۇپ تۇرغىنىنى بايقىدىم. شاھىمدىن ئەھۋال سورىدىم. شاھىم مېنىڭ سو- ئالىمغا جاۋاب بەرمەي، جانابلىرىنى سورىدى. مەن: «ئوغۇل- لىرى كاتتا سەلتەنەت بىلەن پادىشاھلىقنى قىلىۋاتىدۇ» دېدىم. لېكىن، شاھىم بۇ جاۋابقىمۇ قىزىقمىدى. مەن ھەيران بولدۇم. ئاخىر شاھىم: «مەن جەننەتتە خۇدانىڭ ئۇ- لۇغ رەھمىتىگە ئىگە بولدۇم. كۆرۈپ تۇرۇپسەن، جەننەتنىڭ ئىچى پاراغەت بىلەن تولغان، بىراق بۇ يەرلەردىكى ئىما- رەتلەر ئۇ ئالەمدە ياساتقان ئىمارەتلىرىمگە ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ، مېنى ئانچە قىزىقتۇرالمىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇ دۇنيادىكى ئىمارەتلىرىمگە ئوخشاش ئىمارەتلەردە تۇرۇشنى خالايتتىم، لېكىن جەننەتتە ئۇنداق ئۆيلەرنى ياسايدىغان مېنىڭ ياغاچچى ئۇستام يوق. ئەمدى سەن ئۇ دۇنياغا قايتساڭ، ئوغلۇمغا ئېيتىپ قويغىن، ئىلاج قىلىپ شۇ يا- غاچچى ئۇستىنى مېنىڭ قېشىمغا ئەۋەتسۇن» دېدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئاتلىرى كۆزۈمدىن غايىب بولدى. مەن ھايا- جان ئىچىدە ئويغىنىپ كەتتىم. ئويغانسام، مەزىن بامدات نامىزىغا ئەزان ئوقۇۋېتىپتۇ. دەررۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ تا- ھارەت ئالدىم ـ دە، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، مەرھۇم شاھىم ئۈچۈن دۇئا قىلدىم. مانا، بولغان ئەھۋال شۇ. بۇنى جانابلىرىغا يەتكۈزمەسلىكنى ئۆزۈمگە مۇناسىپ كۆرمە- دىم، ــ دەپ بوياقچى كۆز يېشى قىپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپتۇ ۋە ئاخىردا ئاتىسىنىڭ بۇ ئارزۇسىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن، قانداق قىلىش لازىملىقىنى ئويلاپتۇ، دەررۇ ئۆلىمالارنى چاقىرىپ مەسلىھەت سوراپتۇ. ئۆلىمالار كىتاب ئېچىپ، ئاخىر:

— بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىگە جاكار قىلىپ، بىر ھەپتىگىچە ئوتۇن يىغدۇرۇش لازىم. ئەنە شۇ



ئوتۇننىڭ ئىگىزلىكىگە كۆز يەتمەيدىغان بولغاندا ئۇنىڭغا ئوت يېقىش كېرەك. ياغاچچى ئۈستىنى بولسا، شۇ ئوتۇن-نىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ كۆيدۈرسەك، شەرت ئادا بولىدۇ. ئوت كۆيۈپ بولغاندىن كېيىن، پەرىشتىلەر ياغاچچىنى كۆتۈرۈپ ئۇ دۇنياغا ئاپىرىپ قويىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.

ئۆلىمالارنىڭ بەرگەن مەسلىھەتى بويىچە پادىشاھ يا-غاچچىغا بىر ھەپتە مۆھلەت بېرىپ، ئاھالىگە جاكارلاپ ئو-تۇن يىغدۇرۇپتۇ. بۇنى ئۇققان ياغاچچى دەررۇ ئۆيىگە بې-رىپ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنىڭ چارىسىنى كۆرۈپتۇ: ئۇ ئۆيى-نىڭ ئىچىدىن تاكى ئوتۇن دۆۋىلەنگەن يەرگە قەدەر لەخمە كولاپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن پادىشاھنىڭ جاللاتلىرى كېلىپ ياغاچچىنى ئوتۇن دۆۋىلەنگەن يەرگە ئېلىپ بېرىپ-تۇ. ئۆلىمالارنىڭ دۇئاسىدىن كېيىن، ئۇنى ئوتۇننىڭ تې-گىگە باستۇرۇپتۇ. ياغاچچى ئوتۇننىڭ ئاستىغا كىرىپ، مىڭ تەسلىكتە ھېلىقى تۆشۈكنى تېپىپ، لەخمە بىلەن ساق - سالامەت ئۆيىگە كېلىۋاپتۇ. ئوتۇن بىرقانچە كۈن كۆيۈپ ئۆچۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ياش پادىشاھنىڭ كۆڭلى ئارام تېپىپتۇ.

ياغاچچى ئىككى ئايغىچە ۋاقىتنى ھېچكىمگە كۆرۈنمەي ئۆيىدە ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ ئويلا - ئويلا، مەن بۇ بوياقچىغا ھېچبىر يامانلىق قىلمىسام، نېمە ئۈچۈن ماڭا قەست قى-لىدۇ؟ زادى ئۇنىڭ كۆڭلى قارا ئادەم ئىكەن. ئەمدى ماڭا

كولىغان ئورنىغا ئۆزى چۈشسۇن، دەپ بىر ئامال ئويلاپتۇ ـ دە، بىر كۈنى سەھەر تۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ قېـ شىغا بېرىپتۇ. ئۇ دەرەخلەرگە يامىشىپ چىقىپ، پادىشاھ ياتىدىغان ئۆينىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چۈشۈپتۇ. ئۆگزىنىڭ قاتتىق غاراسلاپ كەتكىنىدىن پادىشاھ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ، دەررۇ پاسىبانلىرىنى نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلىپ كىرىشكە بۇيرۇپتۇ.

پاسىبانلار ئۆگزىگە چىقىپ قارىسا، ھېلىقى ياغاچچى تۇرغۇدەك. ئۇلار ھەيران بولۇشۇپتۇ. ياغاچچى ئۇلارغا:

— قورقماڭلار، مەن ئەرشتىن چۈشتۈم. مەرھۇم پا ـ دىشاھىمغا جەننەتتە ئىمارەت ياساپ بەردىم. خۇدايىتائالا مېنىڭ ئەجىلىم تېخى پۈتمىگىنى ئۈچۈن يەنە بۇ دۇنياغا قايتۇرۇۋەتتى، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان پاسىبانلار ياغاچچىنى ئۆگزىدىن چۈ ـ شۈرۈپ، پادىشاھنىڭ قېشىغا ئەكىرىپتۇ. پادىشاھمۇ ھەيران قاپتۇ. ياغاچچى پادىشاھقا تەزىم قىلىپ، ئۆز سۆزىنى بايان قىپتۇ:

— ئەي ئۇلۇغ شاھىم، خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن مەن جانابلىرىنىڭ ئاتىلىرىنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ قايتتىم، ئىمارەت ياساپ بەردىم. ئاتىلىرى بۇ ئىشىم ئۈچۈن سىلـ ـ گە ناھايىتى جىق مىننەتدارلىق بىلدۈردى ۋە جانابلىرىنىڭ دۆلىتىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئۈلغىيىشى ئۈچۈن دۇئا قىلـ ـ دى. خوش، ئەمدى مەقسەتكە كەلسەك، تەقسىر، مەن ئىما ـ

رەتىنىڭ ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى تامامىلىدىم، بىراق سىر ـ بوياقلار بىلەن قىلىنىدىغان زىننەتلىرى تېخى ئىشلەنمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتىلىرى رەھمىتى تېخى ئۇ ئۆيگە ئورۇنلاشمىدى. مەن بوياقچى قايتىشتا، ئاتىلىرى: «ئۆيىنىڭ زىننەتلىرى تېخى ئىشلەنمىدى، ئوغلۇم دەرھال بوياقچى ئۇستامنى ئەۋەتىۋەتسۇن. ئەگەر ئوغلۇم بۇنىمۇ بىجىرسە، مەن ھەددى ـ ھېسابسىز خۇش بولاتتىم» دېدى ۋە بۇ گەپنى ئۆزلىرىگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى ماڭا تاپشۇردى.

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ياغاچچىدىن ناھايىتى مىننەتدار بولۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاتىسىنىڭ ئىككىنچى ئارزۇسىنىمۇ ئورۇنداش ئۈچۈن بەل باغلاپ، نۇرغۇن ئوتۇن يىغدۇرۇپ، يەتتە كۈندىن كېيىن بوياقچىنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ.



# ئورنى كەم كولسا ئۆزى چۈشەر

بۇرۇن بۇرۇنكەن، تولكە خىزىركەن، ئېيىق پادىشاھ، مايمۇن ۋەزىركەن، بايلارنىڭ ئۆيى ساراي ـ قەسىركەن، گۆش دەپ ئالغىنىڭ ئۆپكە ـ بېغىركەن، گادايغا كۈن يوق، دۇمبە يېغىركەن. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر شەھەردە زالىم بىر باي بولغانىكەن.

شۇ شەھەرگە يېقىن يەردە ئولتۇرىدىغان بىر كەمبەغەل موزدۇز بولۇپ، ئۇنىڭ بىر تاز ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ ئاتا كەسپىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەچكە، ئۇنىڭ تىككەن ئاياغلىرى، ھەتتا شاھنىڭ ئىنئامىغا مۇشەررەپ بولغانىكەن. بۇنىڭدىن كۆزى قىزارغان شۇ شەھەرنىڭ ئاچ كۆز بېيى نىيىتىنى ئالا قىلىپ، موزدۇزنىڭ ئۆيىگە بالىسىنى ھۈنەر ئۆگىنىشكە شاگىرتلىققا ئېلىپ كەپتۇ. ئاق كۆڭۈل موزدۇز ئۇنىڭ ئوغلىنى ئېلىپ قاپتۇ.

ئەسلىدە باينىڭ ئەكەلگىنى باينىڭ ئۆز بالىسى بولماستىن، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەپ زۇلۇمغا چىدىماي قاچقاندا باي تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ، قاتتىق تاياق دەس-

تىدىن ئۆلەر ھالغا كېلىپ قالغان چاكار ئىكەن.
شۇ كېچىسى موزدۇز بىلەن بىر يەردە يېتىپ، تاڭ ئاتقۇچە ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ بەرگەن چاكار ئەتىسى ئۆلۈپ قاپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ، باي: «ئۆزۈڭنىڭ بالىسىنى تۆلەپ بېرىسەن، ئەگەر بەرمىسەڭ، خۇن دەۋاسى قىلىپ شاھقا ئەرز قىلىمەن!» دەپ مېيىتنى ئېلىپ كەتكىلى ئۇنىماپتۇ. موزدۇزنىڭ ئوغلىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماپتۇ. باينىڭ غەرىزىنى ئالدىن چۈشەنگەن موزدۇزنىڭ بالىسى: «دادا، مېنى چاكارلىققا بېرىڭ، قالغىنىنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. موزدۇز ئامالسىز ئوغلىنى بايغا قوشۇپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بالا باينىڭ ئۆيىدە كۆيۈپ ـ پىشىپ ئىشلەپ، ئائىلىسىدىكىلەرنى باينىڭ ھەر خىل تۆھمەت ـ قىلتاقلىرىدىن ھىمايە قىپتۇ.
ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ، بالا بۇ جەريان بايغا نۇرغۇن پۇل تېپىپ بېرىپتۇ. باي بولسا، ئۇنىڭ ئەمگىكى بەدىلىگە كەلگەن ھەممە نەرسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ، بالىغا ھېچنېمە بەرمەپتۇ. ئاچ كۆز باي ئۆزىنىڭ سايىسىدىن ئۆزى قورقۇپ، بۇنى ۋاقتىدا كۆزۈمدىن يوقاتمىسام، ئۇ مېنى يوقىتىدۇ، دەپ ئويلاپ بالىنى چاقىرتىپ، ئۆزىنىڭ بىر يەرگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ:
— ئەي تاز، مەن كەلگۈچە بىكار ئولتۇرماي ماۋۇ قۇمدا يىپ ئەش، يىپ بىلەن ئۆلتاڭ كەس، — دەپتۇ. باينىڭ بۇيرۇقى بالىغا ئەزرائىلنىڭ شەپىسىدەك بىلىنىپتۇ.

— بولىدۇ، باي غوجام، — دەپتۇ تاز.

باي كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ بىر نان بىلەن بىر چىنە قايماقنى ئەكېلىپ قو-يۇپتۇ. كەچ بولغاندا باي قايتىپ كەپتۇ. تاز بولسا، قايماق بىلەن ناننى باينىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ:

— ماۋۇ نان بىلەن قايماقنى ئاپام سىلىگە ئەۋەتتى. ناننى ئوشتۇماي يېسۇن، قايماقنى بۇزماي ئىچسۇن، دەيدۇ، — دەپتۇ. باي ئاچچىقى بىلەن:

— ۋاي تاز، ناننى ئوشتۇماي قانداق يېگىلى، قايماقنى بۇزماي قانداق ئىچكىلى بولسۇن؟ ! — دەپ كايىپ كېتىپتۇ. مۈشۈ گەپنى كۈتۈپ تۇرغان تاز:

— باي غوجام، قوم بىلەن يىپ ئەشكىلى، يىپ بىلەن ئۇلتاڭ كەسكىلى بولغان يەردە، نېمىشقا ناننى ئوشتۇماي يېگىلى، قايماقنى بۇزماي ئىچكىلى بولمايدىكەن؟ ! — دەپتۇ.

بالىدىن لەت بولغان باي ئاسماندىن يەرگە چۈشكەندەك بولۇپ، ئىمانى قىرىق گەز ئۇچۇپتۇ ۋە بالىغا ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ ئېشىپتۇ.

باينىڭ بەش ياشلىق بالىسى بولۇپ، باينىڭ خوتۇنى ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپ، بالىسى باينىڭ يېنىدا قالغاند-كەن. بىر ئاخشىمى قورسىقى ئاغرىپ ياتالمىغان باينىڭ بالىسى تەرەت قىلىمەن دەپ جېدەل قىپتۇ. باي تازغا بالى-نى تالاغا ئاچىقىپ تەرەت قىلغۇزۇپ كىرىشنى ئېيتىپتۇ.

تاز باينىڭ بالىسىغا: «تەرەت قىلساڭ، كەينىڭگە بىگىز تىقىمەن» دەپ بالىنى تەرەت قىلغۇزماي ئەكىرىپتۇ. بالا ئورۇنغا كىرىپ يەنە جىدەل قىلىشقا باشلاپتۇ، باي يەنە تازغا بۇيرۇپتۇ، تاز يەنە تەرەت قىلغۇزماي ئەكىرىپتۇ. بۇ ئىش تۆت - بەش قېتىم تەكرارلىنىپتۇ. ئۇيقۇلۇقتا ئاچچىقىنى باسالمىغان باي:

— هوي تاز، ماۋۇ شۇمنى بېسىقتۇر، — دەپتۇ. باينىڭ ئاغزىدىن مۇشۇنداق بىر گەپنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرغان تاز باينىڭ بالىسىنى ئېغىلغا ئەكىرىپ توقماق بىلەن بىرنى ئۇرۇپ بېسىقتۇرۇپ، تامغا يۆلەپ، غولىچىنى كېرىپ قويۇپ يېنىپ كىرىپتۇ.

— بالا قېنى؟ — دەپتۇ باي.

— باي غوجام، غوجىزادىلىرى كىچىك بولغان بىلەن ئەقلى چوڭ ئىكەن. «ئاتام قېرىپ قالدى، ئاتام ئۆلسە، ماڭا قانچىلىك مىراس قالىدىكىن، ئۆلچەپ باقاي» دەپ تامنى غولاچلاپ قالدى. ئېلىپ كىرەي دېسەم، ئۇنىماي تۇرۇۋالدى، — دەپتۇ تاز. بۇ گەپنى ئاڭلاپ باينىڭ ئاچچىقى كېلىپ، قولىغا كەكىنى ئېلىپ ئېغىلغا يۈگۈرۈپتۇ. تاز شام كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. باي شامنىڭ يورۇقىدا قارىسا، راستىنلا بالىسى تامنى غولاچلاپ تۇرغانىكەن، باي غەزىپىگە پايلىماي: «مانا، ساڭا تېگىدىغان يەر - زېمىن» دەپ، بالىسىنىڭ بېشىغا كەكە بىلەن بىرنى قويۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ، ئاندىن تازغا:

— سەن بېرىپ گۆر كولا، كۆمىدىغان يەرلىك قۇلد-
قىڭ بىلەن تەڭ بولسۇن، — دەپتۇ. تاز قەبرىستانلىقتا بىرىپ بىر كەتمەن چېپىپ قويۇپ بەخىرامان ئۇخلاپتۇ.

باي ئەتىسى جامائەتنى يىغىپ جەسەتنى يەرلىككە ئېلىپ چىقسا، گۆر تەييار بولمىغانىكەن. باي:

— ھەي تاز، قېنى چاپقان گۆرلۈكۈڭ ؟ — دەپتۇ.

— ۋاي باي غوجام، ئۆزلىرى قۇلىقىڭغا چىنەپ قاز-
غىن دېگەنتىلە، ئون قۇلاق تېرەنلىكتە كولىۋەتتىم. ئەگەر تېرەن بولۇپ قالغان بولسا، توپا سىرىپ ئازراق تىندۇرۇ-
ۋېتەي، — دەپتۇ تاز. باي خاپىچىلىقتا يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئۆزى گۆر كولاشقا باشلاپتۇ...

شۇنداق قىلىپ، ھەش - پەش دېگۈچە قىرىق كۈن



بوپتۇ. نەزىر - چىراغ ئىشلىرى ئۈچۈن ئوتۇن كېرەك بوپتۇ.

— هوي تاز، سەن هارۋىنى قوشۇپ جاڭگالغا بېرىپ، بىر هارۋا يانتاق سۆرىتىپ كەل، — دەپتۇ. باينىڭ مەق-سىتى لىق بىر هارۋا ئوتۇندىن تاشقىرى هارۋىنىڭ كەيند-گە يەنە بىر باغلام يانتاقنى سۆرىتىپ ئەكەلدۈرۈش ئىكەن.

تاز جاڭگالغا بېرىپ ئاتنى ئوتلىغىلى قويۇۋېتىپ، ئۆ-زى بىر سايە جاينى تېپىپ ئۇخلاپ، كەچ بولغاندا بىر باغلام يانتاقنى سۆرىتىپ قايتىپ كەپتۇ.

— هەي تاز، ئېلىپ كەلگىنىڭ مۇشۇمۇ؟ — دەپ كا-يىپ كېتىپتۇ باي. تاز:

— باي غوجام، هارۋىنىڭ ئارقىسىغا سۆرىتىپ ئەكەل دېمىگەنمىدىلە، مانا سۆرىتىپ ئەكەلدىم، — دەپتۇ. باي غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەي دەپتۇ.

بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا پادىشاھ ئوردىسىدىن تازنى چا-قىرغىلى ئادەم كەپتۇ. تاز بۇ خەۋەردىن هەيران بولۇپ، ئوردىغا بېرىپتۇ. ئەسلىدە ئىش مۇنداق ئىكەن: پادىشاھ تازغا بىر جۈپ ئاياغ بۇيرۇتقانىكەن. باي تاز تىككەن بىر جۈپ ئاياغنى تىقىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بازاردىن ئادەتتىد-كى ئاياغدىن بىر جۈپ سېتىۋېلىپ پادىشاھقا ئاپىرىپ بەرگەنىكەن. تازدىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن باي ئۇنى پادىشاھ جاللاتلىرىنىڭ قىلىچىغا يەم قىلىۋېتىش ئۈچۈن مۇشۇ چارىنى قوللانغانىكەن.





تاز شاھ ئوردىسىغا يېتىپ كەپتۇ. شاھ غەزەپ بىلەن:

— بۇ مەن بۇيرۇغان ئاياغقا ئوخشىمايدىغۇ؟ — دەپ بىر جۈپ ئاياغنى تازنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ. تاز ئۇ ئاياغلار-نى كۆرۈپ ھەيرانۇ ھەس بوپتۇ ۋە بۇ ئاياغلارنىڭ ئۆزى تىككەن ئاياغ ئەمەسلىكىنى ئىزھار قىپتۇ. شاھ باشقا مۇلازىملاردىن سۈرۈشتە قىلغانىكەن، باينىڭ يامان غەرىزى ئاشكارىلىنىپتۇ.

شاھ باينى زىندانغا سېلىپ، پۈتۈن مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىپتۇ. باينىڭ قول ئاستىدىكى چاكارلارمۇ ئازاد بوپتۇ، شۇ قاتاردا تازمۇ ئۆز ئۆيىگە تىنچ - ئامان قايتىپ كەپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ يېرىم يىلدەك بولغاندا، بىر كۈنى

بىر گۇندىپاي كېلىپ تازنى زىندانبېگى چاقىرغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ تازنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر غەم - قايغۇغا پېتىپتۇ. تاز ئامالسىز بېرىشقا مەجبۇر بوپتۇ. تاز ھېچنېمىنى چۈشەنمەي، گۇندىخانىغا يېتىپ كەپتۇ، گۇندىخاندا باي بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. باي:

— ئەي بالام، مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن، بۇ پەلەكنىڭ ئىشى. مەن قىلغان گۇناھلىرىمغا تۈۋا قىلدىم، مانا زىندانبېگى گۇۋاھ بولسۇن. سېنى ئۆز بالامدەك كۆرۈپ چاقىرتتىم. ئايالىم بىلمەيدىغان مىڭ تىللا پۇلنى ئېتىز چېتىدىكى بىر تۇپ سېدە تۈۋىگە كۆمۈپ قويغانىدىم. سەن بېرىپ ئۇ پۇلنى ئېلىپ يۈز تىللانى زىندانبېگىگە، ئون تىللانى سېنى چاقىرىپ كەلگەن گۇندىپايغا بەر، ئۈچ يۈز توقسان تىللانى سەن ئالغىن، قالغان بەش يۈز تىللانى مەن كېيىنكى ئوقتىم ئۈچۈن دەسمايە قىلاي، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان تاز باينىڭ بىر يامان غەرىزى بارلىقىنى سېزىپتۇ، لېكىن چاندۇرماي پۇلنى ئېلىپ، باينىڭ كۆر - سەتمىسى بويىچە يۈز تىللانى زىندانبېگىگە، ئون تىللانى گۇندىپايغا بېرىپتۇ ۋە يېرىم كېچە بىلەن باينى زىنداندىن ئاچىقىپتۇ. باي تازغا: «ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن رەھمەت» دەپ ئۆيىگە كېتىپتۇ. تاز باينىڭ يەنە نېمە ئويۇن ئوينىماقچى ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ، باينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ تۈڭلۈك تۈۋىدە يېتىپتۇ. كېچىدە باي خوتۇنىغا:

— ئەتە تازنى تۇتىدۇ. زىندانبېگى ئۇ يەردە بىر جەل-

لىگورنى ئۆلتۈرۈپ، بىر گۈندىپاينىڭ كىيىمىنى كىيگۈزۈپ قويماقچى، پادىشاھقا، ھېلىقى تاز موزدۇز كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان گۈندىپايىنى ئۆلتۈرۈپ بايىنى ئېلىپ قېچىپتۇ، دەپ مەلۇم قىلماقچى، ــ دەپتۇ.

ئەتىسى سەھەردە باي بىلەن خوتۇنى ئىككى تاغارغا قۇيماق سېلىپ تالاغا ئاچىقىپتۇ. ئۇلار ئۆيدىكى ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا كىرىپ كەتكەن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ تاز تاغاردىكى قۇيماقنىڭ يېرىمىنى ئېلىۋېتىپ، ئىچىگە كىرىپ يېتىۋاپتۇ. ئۇلار ئالدىراش ئىككى تاغارنى ئىككى ئېشەككە ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ. يېرىم كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن، باي خوتۇنىغا:

ــ ئەجەب قۇتۇلدۇق تازدىن. ئۇ ھازىر مېنىڭ ئورنۇمدا زىنداندا ياتقاندۇ، ــ دەپتۇ. شۇ چاغدا ئۇلارغا: «قۇتۇلمىغايسەن مەن تازدىن» دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. باي چۆچۈپ كېتىپتۇ.

ــ ھوي دادىسى، تاز بىرنەچچە يىل بىزنىڭ ئۆيدە تۇرغاچقا، ئۇنىڭ ئاۋازى قۇلاقتا سىڭىپ قالغان، شۇڭا بىزگە شۇ تونۇش ئاۋاز ئاڭلانغاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ، ــ دەپتۇ باينىڭ خوتۇنى.

ــ ئۇ تازنىڭ جېنى شۇنداق مەھكەم ئىكەنكى، بىر قېتىم مەن ئۇنى ئىرغاي توقماق بىلەن ئۇرسام، توقماق چىدىماي ئۇزۇلۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ روھى بىز بىلەن بىرگە كېلىۋاتامدۇ يا؟ ــ دەپتۇ باي.

ئۇلار بىر يەرگە كېلىپ تاماق يېمەكچى بوپتۇ. تاغارنى ئېشەكتىن چۈشۈرۈپ ئەمدى چاي ئىچەيلى دەپ تۇرغاندا، تازىنىڭ كىچىك تەرىتى قىستاپ كېتىپ تاغارنىڭ ئىچىگە سىيىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن باي دەرھال چاي ئىچمەكچى بولۇپ تۇرغان چىنىسىنى سىرغىپ چىقىۋاتقان سۇيدۇككە تۇتۇپ، ھاۋانىڭ ئىسسىقىدا قۇيماقنىڭ يېغى ئېرىپ كەتكىلى تۇردى، دەپ ھېلىقى چىنىدىكى ياغنى قاپىقىغا قۇيۇۋاپتۇ. شۇ كۈنى كەچتە ئۇلار بىر دەرياغا يېقىن يەردە توختاپتۇ ۋە يۈك - تاقلىرىنى چۈشۈرۈپ قونماقچى بوپتۇ. باي يەنە ئۆز - ئۆزىگە: «ئەجەب قۇتۇلدۇما بۇ تازدىن» دەپتۇ. شۇ چاغدا تاغارنىڭ ئىچىدىن: «قۇتۇلمىغايسەن مەن تازدىن» دېگەن ھېلىقى سادا ئاڭلىنىپتۇ. ھەيران بولغان باي تاغارنى ئېچىپ قارىسا، تاغاردا تاز ياتقۇدەك. باي بىلەن خوتۇنى ھاڭ - تاڭ بولۇپ قېتىپلا قاپتۇ. تاز تاغاردىن چىقىپتۇ. باي ھېچ نەرسە بولمىغاندەك، چاندۇرماي:

— سېنىڭ ماڭا بولغان ساداقىتىڭنى ئەمدى چۈشەندىم. بىزنى يالغۇز قويماي ھەمراھ بولۇپ بىرگە كەپسەن، بەرگەن تۇزۇمنى ئاقلاپسەن، — دەپ ماختاپتۇ.

كەچتە ياتار چاغدا باينىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپتۇ. تاز بۇلارنىڭ يامان غەرىزىنى پەملەپتۇ. باينىڭ خوتۇنى ئورۇن ساپتۇ، دەريا تەرەپكە بالىغا ئورۇن ساپتۇ، ئۇنىڭ يېنىغا بايغا، نېرى چەتكە ئۆزىگە ئورۇن ساپتۇ. ئۇزۇن يول مېڭىپ چارچىغان باي بى-

لەن خوتۇنى قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. شۇ چاغدا تاز ئۆزد-
نىڭ ئورنىغا باينىڭ خوتۇنىنى كۆتۈرۈپ ئەكېلىپ ياتقۇزۇپ
قويۇپ، ئۆزى ئۇنىڭ ئورنىدا يېتىۋاپتۇ. يېرىم كېچىدىن
ئاشقان چاغدا باي ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ، چەتتە ياتقان
خوتۇنىنى يوتقانغا يۆگەپ ئاپىرىپ دەرياغا تاشلىۋېتىپ،
ئۆزى ھېچ نەرسە بىلمىگەن قىياپەتتە ئورنىدا يېتىۋاپتۇ.
ئەتىسى باي خوتۇنىنى ئويغاتماقچى بولۇپ قارىسا، خوتۇنى
يوق تۇرغۇدەك. باي ھەيران بولۇپ ئەتراپىغا قارىسا، تاز
يىراقتا بىر توپ قوينى ھەيدەپ يۈرگۈدەك. مال - دۇنيا
دېسە ھەممىنى ئۇنتۇيدىغان ئاچ كۆز باي تازنىڭ يېنىغا
بېرىپتۇ. تاز ئەسلىدە سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ بىر پادى-
چى بالىنىڭ قويلىرىنى بېقىشىپ بېرىۋاتقانىكەن. باي:
— بۇ قويلارنى نەدىن تاپتىڭ ؟ — دەپ سوراپتۇ.



— كېچىدە مېنى دەرياغا تاشلىۋەتكەنىدىلە، سۇنىڭ تەكتىدە قوي دېگەننىڭ ھەددى - ھېسابى يوق ئىكەن، شۇنىڭدىن ئازراق ئالغاچ چىققانىدىم، — دەپتۇ تاز.

— قېنى ئۇ قويلار؟ — دەپتۇ باي بوينىنى سوزۇپ.

تاز قويلارنى دەريا بويىغا ھەيدەپ ئاپىرىپ، قويلارنىڭ سۇدىكى شولىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— باي غوجام، كۆرمەيۋاتامىلا ؟ ئەنە تۇرمامدۇ، — دەپتۇ.

باي قارىغۇدەك بولسا، راستىنلا سۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن قوي تۇرغۇدەك. ئاچ كۆز باي دەريا ئاستىغا چۈشمەكچى بوپتۇ، يەنە ئىككىلىنىپ توختاپ قاپتۇ.

— ئەگەر قورقۇۋاتقان بولسىلا، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، مەن: «ماڭ» دېگەندە ماڭسىلا، «ئاچ» دېگەندە كۆزلىرىنى ئاچسىلا، — دېگەنىكەن، باي دەرياغا قاراپ كۆزىنى يۇمۇپ مېڭىۋېرىپ دەرياغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇنى بىر قاينام يۇتۇپ كېتىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «ئورنى كەم كولىسا، ئۆزى چۈشەر» دېگەن سۆز ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# ئارغىماق ماجىراسى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، تەكلىماكاننى قۇم باسمىغان، تۆگىنىڭ بويىنىغا قوڭغۇراق ئاسمىغان چاغلاردا بىر پادىشاھ بولغانىكەن. بۇ پادىشاھ يۇرتنى ئەدلى - ئادالەت بىلەن سورىغاچقا، شەھەر ئەتراپىنى مۇستەھكەم سېپىل - قەلئەلەر بىلەن ئورىغاچقا، ئەلنى ھەرقانداق باسقۇنچى، ئوغرى - يالغانىنىڭ قەستىدىن تورىغاچقا، خەلقى پاراۋانلىقتا، مال - ۋارانلىرى كەڭ كەتكەن يايلاق ۋە ئورمانلىقتا خاتىرجەم ياشايدىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ زېمىنى شۇنچىلىك كەڭ ئىكەنكى، ئۇ پايتەختنى ئىككى ئورۇندا قۇرۇپ، يازلىقى بىرىدە، قىشلىقى يەنە بىرىدە تۇرۇپ، ئايلىنىپ يۈرۈپ يۇرت سورايدىكەن.

بىر يىلى كۈزدە شاھ يازلىق پايتەختتىن قىشلىق پايتەختكە يۆتكىلىپتۇ، يول بويى شىكار قىلىپ، ئۆزىگە نۇرغۇن مۇلازىملارنى ھەمراھ - يار قىلىپ، مەھەللە - ئايماقلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ياخشىلارغا ئىنئام بېرىپ - تارتۇقلاپ، يامانلارنىڭ ھاياتلىق شامىنى ئۆچۈرۈپ مېڭىپتۇ.

64

شاھ تۇلپار ـ ئارغىماقلارغا ھەۋەسمەن كىشى ئىكەن، بەيگە قىلىش ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىشى ئىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ بەگ ـ سىپاھلىرى ئىچىدە بەيگە خۇمار چەۋەندازلار تولا ئىكەن. ئاشۇ بەگ ـ سىپاھلارنىڭ ئارىسىدا كىرىمھاجى ئىسىملىك بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئارغىمىقى باشقىلارنىڭكىدىن خوپ ئەلا، رەڭگى قۇلا ئىكەن. كىرىمھاجىنىڭ قۇلا ئارغىمىقى چېپىشقا چۇشسە، قاناتلىق قۇشمۇ كەينىدە قالىدىكەن، بۇ ئات ھەر دائىم بىرىنچىلىكنى ئالىدىكەن، شۇڭا ئارغىماقنىڭ ئىگىسى ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلماي، شاھنىڭ قېشىدىلا ماڭىدىكەن.

شاھ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەردە ئاشۇنداق بىر ئارغىماقنىڭ بولغانلىقىدىن سۆيۈنىدىكەن، كىرىمھاجىغا ئات تۇپەيلىدىن مەرھەمىتىنى ئايىمايدىكەن، ئىلتىپات كۆرسىتىدىكەن ۋە كۆيۈنىدىكەن. ئەمما، كىرىمھاجى دېگەن بۇ كىشى قىزىل كۆز، ئىچى يامان، نەپسانىيەتچى ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ بۇنداق ئىللەتلىرىنى پادىشاھ بىلمەيدىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ گەپلىرىگە، تىل ياغلىما سۆزلىرىگە بىگۇمان ئىشىنىدىكەن.

كىرىمھاجى ئارغىماقنى چاپتۇرۇپ، پادىشاھنى ئۆزىگە ياقتۇرۇپ، ئالدامچىلىقىنى بىر مەزگىل ئاقتۇرۇپ تۇرسۇن. ئەمدى گەپنى شاھنىڭ سەپىرىدىن ئاڭلايلى:

شاھ بەگ ـ سىپاھلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپتۇ. ئۇ بىر مەنزىلگە يەتكەندە، ۋاقىت پېشىندىن

هالقىپ ئۆتكەندە كېرىمهاجىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن دەم ئې-
لىشقا توختايدىغان، كېچىسى مۇشۇ يەردە ئۇخلايدىغان
بولۇپ قونالغۇ راسلاپتۇ.

شاھنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان يۇرت كاتتى-
لىرى دەرھال ھاردۇق سوراشقا كېلىشىپتۇ، يولدا كەلگۈچە
تون - يەكتەكلىرىنىڭ پېشىگە پۇتلىشىپ نەچچە يەردە يى-
قىلىشىپتۇ، ئاتلىقلار ئۇزاپ كېتىپتۇيۇ، پىيادىلەر ئارقىدا
قېلىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، شاھ ھۇزۇرىغا نۇرغۇن خالا-
يىق جەم بوپتۇ.

شاھنىڭ ئالدىغا چىققانلار ئىچىدە داۋۇتقارىي ئىسىم-
لىك كاتتا بىر بايمۇ بار ئىكەن. داۋۇتقارىي بۇ يۇرتنىڭ
ئالدىنقى قاتاردىكى مۆتىۋەرلىرىدىن ھېسابلىنىدىكەن. ئۇ-





نىڭ ساۋاتى تولۇق، نامىشەرىپى ئۇلۇغ، ئالىقىنى كەڭ، ئۆ-يى ھەرقانداق مېھمانغا دەڭ، بايلىقى پادىشاھقا يېتەلمىسى-مۇ، ۋەزىر ئەزەمگە تەڭ كىشى ئىكەن. داۋۇتقارىينىڭ كەڭ-رى كەتكەن تېرىلغۇ يېرى، بايلىقى، قوي - قوزا، ئات - چارۋىسى بولۇپ، تېخى يېقىندىلا ياپلاقتىكى بىر بايتىلى قولۇنلاپتىكەن. يېڭى تۇغۇلغان تاي شۇنچىلىك چىرايلىق ئىكەنكى، رەڭگى ئوتقاشتەك، تۇكلىرى سۇزۇك قاشتاش-تەك، بوينى ئىنچىكە، پۇتلىرى مەزمۇت، كۆزلىرى چاق-ناقكەن. تاي ھەپتىلەپ ئەمەس، كۈنلەپ بوي تارتىپ ئۆس-كىلى باشلاپ، كونا موي - تۇكلىرىنى تاشلاپ، قەددى - قامىتىنى تۈزەپ شاشلاپ، ئۆزىنىڭ ئارغىماق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىۋاتقان مەزگىلدە شاھ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگە-نىكەن.

داۋۇتقارىي شاھ بىلەن سالام - سەھەت قىلىشىپ، كۆرۈشۈش رەسمىيەتلىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ناھايىتى تۆۋەنلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىپ، شاھ پايە - قەدىمىنىڭ ئۆز خاندانىغا تەشرىپ قىلىنىشىنى سوراپ تۇرۇۋاپتۇ ۋە بۇ بەختكە مۇيەسسەر بوپتۇ. داۋۇتقارىي قويدىن پاقلان، ئۆچكىدىن ئوغلاقلارنى ئۆلتۈرۈپ تونۇرغا تىقىپتۇ، توخۇ-دىن چۈجە، كەپتەردىن باچكىلارنى زىخلارغا ئۆتكۈزۈپتۇ، ئاتتىن تاي، تۆگىدىن بوتىلاقلارنى داش قازاندا پۇتۇن پى-شۇرۇپتۇ. قىسقىسى، كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. زىياپەتتىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەڭ سەرخىل، سەرخىل بولغاندىمۇ ھەر

خىل ئەتىۋار نەرسىلەرنى پادىشاھىئالەمنىڭ كۆرۈپ تاما-
شا قىلىشى، ھوزۇر ئېلىشى ئۈچۈن سورۇنغا ئېلىپ كەپ-
تۇ. ئېلىپ كېلىنگەن نەرسىلەر ئىچىدە ھېلىقى تايمۇ بار
ئىكەن. تاي ئۆزىنىڭ چىرايلىقلىقى بىلەن ھەممە كىشىنىڭ
دىققىتىنى جەلپ قىلىۋاپتۇ، ھەتتا پادىشاھىئالەمنىڭ ئۇس-
تۇن نەزەرىمۇ ھەيرانلىق يىپلىرى ئارقىلىق تايغا باغلى-
نىپتۇ. شاھنىڭ كەم سۆز لەۋلىرى ئېچىلىپتۇ، ماختاش
دۇردانىلىرى چېچىلىپتۇ. بۇ ھالنى، بولۇپمۇ تاينىڭ تەس-
ۋىردىن تاشقىرى قىياپىتىنى كۆرگەن كېرىمھاجىنىڭ قى-
زىل كۆزلۈك كېسىلى قوزغىلىپ، يۈرىكى ھەسەت قوقاس-
لىرىدا پۇچىلىنىپتۇ. ئۇ نەپسانىيەتچىلىك خىياللىرىنى
كۆلىكىسىگە يوشۇرۇپ، مۇددىئاسىنى ئارزۇ ئوتلىرىغا كۆمۈپ
پىشۇرۇپ، لەۋلىرى كۈلگەندەك قىلغىنى بىلەن، قاپاقلىرى-
نى ئۈچۈرۈپ تۈرۈپ داۋۇتقارىيىدىن سوراپتۇ:
— بۇ تاي ئۆزلىرىنىڭمۇ؟
— خوش، شۇنداق، ئۆز يىلقىلىرىمنىڭ ئارىسىدىكى
بايتالدىن تۇغۇلغان.
— سىلىنىڭ يىلقىلىرىدا نەسىللىك ئارغىماق
بارمىدى؟
— يوقسۇ، بۇ ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئادەتتىكى ئاي-
غىردىن بوغاز بولغان بايتالدىن تۇغۇلدى ۋە ئارغىماق بو-
لۇپ يېتىشتى.
كېرىمھاجىنىڭ كۈتكىنىمۇ دەل مۇشۇنداق جاۋاب

ئىكەن، شۇڭا ئۇ داۋۇتقارىينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا پادىشاھ-نىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، ئۇنىڭ ئېتەكلىرىنى سۆيۈپ تۇ-رۇپ پەرياد كۆتۈرۈپتۇ:

— داد، پادىشاھىئالەم، مال ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇل-سا، بۇ تاي ماڭا بۇيرۇلسا! چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئارغىمى-قىمنىڭ پۇشتى، ئۇ مېنىڭ بولۇشقا تېگىشلىك...

كېرىمھاجى سەۋەبسىز ھېچقانداق مۆجىزىنىڭ بولمايدى-دىغانلىقى، ئادەتتىكى ئاتتىن ئارغىماق تۇغۇلمايدىغانلىقى، ناۋادا ئۆزىنىڭ ئارغىمىقى مەشرىقتە كىشنىمىگەن بولسا، مەغرىبتىكى بايتالنىڭ بوغاز بولمايدىغانلىقى، شۇڭا داۋۇت-قارىينىڭ ئۇ ئارغىماق بالىسىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بەرمەي قۇتۇلالمايدىغانلىقى ھەققىدە ھە دەپ داۋراڭ سېلىپ، پادى-شاھنى قايىل ۋە كۆڭلىنى مايىل قىلىشقا ئۇرۇنۇپتۇ.

پادىشاھقىمۇ «ئادەتتىكى بايتالنىڭ بىكاردىن - بىكار ئارغىماق قۇلۇنلىشى ئەقىلغا سىغمايدۇ»غاندەك تۇيۇلۇپتۇ، «مەشرىقتىكى ئارغىماقنىڭ كىشنىشى مەغرىبتىكى بايتال-نىڭ ئارغىماق تۇغۇشىغا سەۋەب بولغان بولسا ئەجەب ئە-مەس» دەپ ئويلاپتۇ. مۇھىمى، پادىشاھ كېرىمھاجىغا يې-قىن، بىرى قولتۇق بولسا، بىرى بىقىن بولۇپ ئۆتۈش-كەچكە، ئۆز يېقىنىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىشنى خالىماپتۇ، شۇڭا داۋۇتقارىينىڭ ئارغىمىقىنى كېرىمھاجىغا بۇيرۇپ بېرىپتۇ. شاھ ھۆكمىگە بىنائەن كېرىمھاجى تاينى ئېلىپ كېتىپتۇ. داۋۇتقارىي بۇ ھۆكۈمگە غىڭ قىلالمىغان بولسى-

مۇ، ئامراق نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ يېگىنى زەھەر، كىيگىنى كېپەن، دەسسىگىنى خوخا - تىكەنگە ئايلىنىپتۇ. نە ئامال؟ داۋۇتقارىي تەقدىرگە پۈتۈپتۇ، كۆڭۈل ئارامى يىتىپتۇ، ئاردىن ئالتە - يەتتە ئاي ئۆتۈپتۇ.

داۋۇتقارىينىڭ نىياز ئىسىملىك ئەقىللىق، باتۇر بىر خىزمەتكارى بار ئىكەن. ئۇ خوجايىنىنىڭ يۈرىكى زەردابقا تولۇپ، چىرايى ئازاب ئىچىدە سولۇپ، كۈندىن - كۈنگە كەم سۆز بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ياردەملىشىش قارارىغا كەپتۇ ۋە:

— سىلى ماڭا بىر دانە كۈمۈش نەيزە، بىر دانە قوۋۇچ نەيزە ياسىتىپ بەرسىلە، مەن ھېلىقى تايىنى قوللىرىغا





قايتۇرغۇزۇپ بېرىشىنىڭ ئامالىنى قىلاتتىم. نەيزىلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ غۇلاچتىن كەم بولمىسا ... — دەپتۇ.

داۋۇتقارىي نىياز باتۇرغا ئىشىنىدىكەن، شۇڭا دەرھال ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ھەربىرى ئۈچ غۇلاچ كېلىدىغان ئىككى نەيزە تەييار قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاقيول تىلەپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

نىياز باتۇر ئۇن نەچچە كۈن يول يۈرۈپ پايتەختكە — كېرىمھاجى ياشايدىغان شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ بۇ يەرگە كېلىپلا ئۆزى ئويلىغان پىلان بويىچە دەرھال ئىشقا كىرىشىپتۇ. ئۇنىڭ ئىشى پايتەختتىكى ئىتلارنى نەيزىلەپ ئۆلتۈرۈشتىن باشلىنىپتۇ. نىياز باتۇر كوچىمۇكوچا، ھويلىمۇھويلا ئارىلاپ يۈرۈپ نەدە ئىت كۆرسە، مەيلى ئۇ ئىگىسىز لالما ئىت بولسۇن، مەيلى كىشىلەرنىڭ زەنجىرلەپ باققان تايغانلىرى بولسۇن، ئىتلا بولسا ھېچقاندىقىنى ئاياپ ئولتۇرماپتۇ.

مەشرىق ئەھلى بۇ ئەھۋالنى دەرھال پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ ئەرز سۇنۇپتۇ. پادىشاھ ياساۋۇللىرىنى چىقىرىپ، نىياز باتۇرنى تۇتۇپ كېلىپ سوراققا تارتىپتۇ:

— خەقنىڭ ئىتلىرىنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟

نىياز باتۇر قىلچە ھولۇقماي، پادىشاھنىڭ سوئاللىرىغا تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئەي كېرەملىك شاھىم، جانغا ئەسقاتمايدىغان بۇنداق لالما ئىتلارنى باققانىڭ نېمە پايدىسى؟ پايدىسى

تەگمەيدىغان بۇ كالانپايلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكەن ياخشى ئەمەسمۇ !

— سەن بۇ ئىتلارنىڭ جانغا ئەسقاتمايدىغانلىقىنى نە-دىن بىلىسەن؟ — دەپتۇ شاھ.

— پادىشاھىئالەم، — دەپتۇ نىياز باتۇر، — ئۆزلىرى-گە مەلۇمكى، بىزنىڭ مەغرىب تەرەپلەردە توڭگۇز ئاپتى بەكمۇ ئېغىر. توڭگۇزلار قوناقلارنى چەيلەپ، ئېتىزلىقلاردا لەيلەپ، زەل - زىرائەتلەرنى بەربات قىلىدۇ، ئەل - يۇرت بۇ بىرنېمىلەرنىڭ دەستىدىن ھەمىشە پەرياد چېكىدۇ. بۇ يىل توڭگۇزلار بەكمۇ ئەدەپ كەتتى. ئۇلار مەغرىب ئېتىز-لىرىدا خالىغىنىچە ايناقشىسا، مەشرىقنىڭ ئىتلىرى بۇ يەردە بەخىرامان ئويناقشىسا، كىممۇ چىداپ تۇرالايدۇ؟ مەن شۇ سەۋەبتىن بۇ يەرنىڭ ئىتلىرىنى جانغا ئەسقاتمايدىكەن دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ، ئۆلتۈرۈشنى لايىق كۆردۈم...

— ھۇ... ساراڭ، — دەپتۇ پادىشاھنىڭ بىر تەرىپىدە خۇشامەت قىلىپ تۇرغان كېرىمھاجى جاۋابەن، — مەغرىب-تىكى توڭگۇزلارنىڭ خارتىلدىشىنى مەشرىقتىكى ئىتلار قانداق ئاڭلايدۇ؟ ئەقلىڭ جايىدىمۇ سېنىڭ؟ ! ...

— ئۇلۇغ شاھىم، — دەپتۇ نىياز باتۇر دەرھال، — كېرىمھاجىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىلا، ئەگەر ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە بولىدىغان بولسا، مەشرىقتىكى ئارغىماق كىشنىسە، مەغرىبتىكى بايتال ئاڭلىيالارمۇ؟ بۇ كىشنىنىڭ ئارغىمىقى مەشرىقتە كىشنەپ، مەغرىبتىكى بايتالنى بوغاز قىلىدىكە-

نۇ، نېمىشقا بىزنىڭ يۇرتتىكى توڭگۇزلار خارتىلدىسا، بۇ يەردىكى ئىتلار ئاڭلىيالمايدىكەن؟ ! شاھ ئالىيلىرىنىڭ ئوبدانراق ئويلاپ كۆرۈشىنى سورايمەن !

نىياز باتۇرنىڭ سۆزى كىرىمھاجىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆز ئالدىغا ئالتە ئاي بۇرۇنقى ئارغىماق ماجىراسى كەپتۇ ۋە شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ چوڭ خاتاغا يول قويغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ. پادىشاھ ئەدلى - ئادالەتلىك ۋە مېھىر - شەپقەتلىك بولغاچقا، ھېلىقى خاتا ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئارغىماق بالىسىنى كىرىمھاجىدىن ئالدۇرۇپ نىياز باتۇرغا تاپشۇرۇپتۇ، داۋۇتقارىيغا ئۆزرىخاھلىق بىلەن تولغان بىر پارچە خەت ۋە نۇرغۇن سوۋغا - سالاملارنى ئەۋەتىپتۇ.

ئارغىماق بالىسىنى كۆرگەن داۋۇتقارىينىڭ غەم - قايغۇسى تۈگەپتۇ، بۆلەكچە ياشارغاندەك روھلىنىپتۇ. ئۇ نىياز باتۇرغا ئاپىرىن ئوقۇپ، نۇرغۇن ئىنئام بېرىپتۇ ۋە ئەل ئارىسىدا ئارغىماقنى چاپتۇرۇپ، كېيىنكى ئۆمرىنى ئەل بىلەن بىرگە بەختلىك ئۆتكۈزۈپتۇ.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMDk4ODYuemlw",
"filename_decoded": "40209886.zip",
"filesize": 26813948,
"md5": "953a9531bc1be418dd68be8e1540faf6",
"header_md5": "95e21c507ab48db59fdbd91988fc4c81",
"sha1": "753f992136a6c0322d7a740abc06cb6b4bb444c8",
"sha256": "514285443082842b0bd7294cb3e5a108856643d52feedac4e55b6722ad60e598",
"crc32": 1901040391,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 28669123,
"pdg_dir_name": "\u2552\u2321\u252c\u03c6 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209886",
"pdg_main_pages_found": 73,
"pdg_main_pages_max": 73,
"total_pages": 82,
"total_pixels": 321470586,
"pdf_generation_missing_pages": false
}